بسم الله الرحمن الرحيم

پىروفېسسور دوكتور جاسىم سۇلتان

# سىياسىي ھەرىكەتتىكى قائىدە - پىرىنسىپلار

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى

پىروفېسسور دوكتور جاسىم سۇلتان

# سىياسىي ھەرىكەتتىكى قائىدە - پىرىنسىپلار

تەرجىمە قىلغۇچى: ئە. ھەسەن
مۇراجىئەت قىلغۇچى: ئابدۇلھەفىز مەخسۇم
پىلانلىغۇچى ۋە تەھرىرى: ئابدۇراھمان جامال كاشغەرىي

Pro. Dr. Jassim Sultan
**Pratik Siyaset Kurallari**

Çevıren: A. HASAN
Inceleyin: Abdulhafiz Mahdom
Editör: Abdurrahman Kaşgarlı

ا. د. جاسم سلطان
**قواعد في ممارسة السياسة**

ترجمة: أ. حسن
مراجعة: عبدالحفيظ مخدوم
تحرير: عبدالرحمن جمال الكاشغري

ISBN: 978-605-74475-5-5

2022-يىلى ئاپرېل، بىرىنچى نەشرى
شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى نەشر قىلدى.
ئىستانبۇل - تۈركىيە

خەلقئارالىق ئۆزگىرىش چوقانلىرى قۇلاقلارنى پاڭ قىلىپ، ئارزۇ-ئارمانلارنى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇۋەتكۈدەك دەرىجىدە كۈچىيىۋاتقان، ئىسلام ئۈممىتى ئۇزۇن تارىخ خارابىلىرى ئاستىدىكى زور خىرىسلار ئالدىدا ماجالسىز ھالدا تىپىرلاۋاتقان بىر پەيتتە باشقا ئەللەر كۈچىيىش، قۇدرەت تېپىش ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىش ئۈچۈن رىقابەتلەشمەكتە. سەھنە دەماللىققا غۇۋا كۆرۈنسىمۇ، تارىخنىڭ ھەرىكىتىنى ئىدراك قىلالايدىغان كىشى ھەر قانداق گۈللىنىش ئالدىدا ئۇزۇن بىر كېچە بارلىقىنى بىلىپ يېتەلەيدۇ. ئىسلام ئۈممىتىنىڭمۇ ھامان بىر كۈنى باشقا ئەللەرگە ئوخشاش ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن بولسىمۇ كۈچىيىپ، قۇدرەت تاپالايدىغانلىقىدا شەك يوق.

ئەمما بۇلار ئىسلام ئۈممىتىنىڭ كەلگۈسىدىكى نىشان ۋە ئارزۇ-ئارمانلىرىدۇركى، بىز ئاشۇ ئارزۇ-ئارمانلارنىڭ ئىشقا ئېشىشى ئۈچۈن بۇ ھەقتىكى سوئاللارنىڭ جاۋابىنى تېپىش، ئېھتىياجلارنى بايقاش، ئۈمىدلەرنى ئويغىتىش ئۈچۈن بىر يۈكسىلىش پىلانى سۇنماقچىمىز.

# مۇندەرىجە


**تەھرىردىن** ..... 7

**مۇقەددىمە** ..... 9

نېمىشقا سىياسىي پائالىيەت پرىنسىپلىرى ھەققىدە قەلەم تەۋرىتىمىز؟ ..... 9

ئۇنداقتا، «سىياسىي رەھبەر» بىلەن «سىياسەت مۇتەخەسسىسلىرى»نىڭ رولى نېمە؟ ..... 14

**كىتابنىڭ مېتودى** ..... 17

**كىرىش سۆز** ..... 21

قائىدە (پرىنسىپ) دېگەن نېمە؟ ..... 21

سىياسىي قائىدە ـ پرىنسىپلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ..... 23

قائىدە ـ پرىنسىپلارنىڭ قوللىنىلىشچانلىقى ..... 25

قائىدە ـ پرىنسىپلارنى قوللىنىشنىڭ پايدىلىرى ..... 26

## بىرىنچى قىسىم

**سىياسەتنىڭ خاراكتېرىگە مۇناسىۋەتلىك ئاساسىي قائىدە ـ پرىنسىپلار** ..... 31

بىرىنچى قائىدە: ..... 33

سىياسىي ھادىسىنىڭ پەيدا بولۇشى ..... 33

ئوخشىماسلىق ھادىسىسى: ..... 35

كۆپ خىللىق ھادىسىسى: 36
كەمچىللىك ھادىسىسى: 36
**ئىككىنچى قائىدە:** 39
مۇداپىئە تۈرلىرى 39
**ئۈچىنچى قائىدە:** 47
**تۆتىنچى قائىدە:** 59
سىياسىي پائالىيەت ۋاستىلىرى 59

## ئىككىنچى قىسىم

**سىياسىي پائالىيەتچى ئۈچۈن ئاساسىي قائىدىلەر** 69
سىياسىي پائالىيەتچى كىم؟ 71
**بىرىنچى قائىدە:** 73
دۆلەتنىڭ ئىنىقلىمىسى 73
دۆلەتنى شەكىللەندۈرىدىغان ئاساسىي ئامىللار 76
دۆلەتنىڭ ۋەزىپىسى: 80
ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش: 83
دۆلەت بىلەن ئاممىۋى كۈچلەرنىڭ ۋەزىپىلەرنى ئورۇندىشى 85
**ئىككىنچى قائىدە:** 87
سىياسىي تۈزۈلمە 87
**ئۈچىنچى قائىدە:** 93
سىياسىيوننىڭ ئىلمىي ساپاسى 93

**تۆتىنچى قائىدە:** ........ 99
تەۋەككۇلچىلىك ۋە قىمار ئارىسىدىكى سىياسىيون ........ 99
**بەشىنچى قائىدە** ........ 103
ساپ نىيەتلىك (ساددا) سىياسىيون ۋە ئويۇن قائىدىسىنى چۈشىنىش
........ 103
**ئالتىنچى قائىدە** ........ 109
سىياسىيون دۇنيانى ئۆز پېتى كۆرىدۇ ........ 109
**يەتتىنچى قائىدە:** ........ 113
سىياسىيوننى چېگىش، مۇرەككەپ ۋەزىيەت قورقىتالمايدۇ ........ 113
**سەككىزىنچى قائىدە:** ........ 117
سىياسىيون ئىشىنىڭ قىيىن ـ تەسلىكىگە قارىمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ
مەنتىقىلىق پرىنسىپىغا قارايدۇ. ........ 117
**توققۇزىنچى قائىدە:** ........ 121
سىياسەتچى نىشانىنى ئىنچىكە بەلگىلىشى، ئۇنىڭ بېشىنى توغرىلىشى
ۋە ھەرىكەتكە شارائىت ھازىرلىشى لازىم ........ 121
**ئونىنچى قائىدە:** ........ 125
سىياسىيون ئاساسىي مەنپەئەت بىلەن ئىككىلەمچى مەنپەئەت ئارىسىدا
........ 125

## ئۈچىنچى قىسىم

**سىياسىي ھەرىكەتنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى** ........ 133
**بىرىنچى قائىدە:** ........ 135

توقۇنۇشنىڭ تۈرىنى ۋە توقۇنۇشۇۋاتقان تەرەپلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇش 135

توقۇنۇشنىڭ خاراكتېرى كىم تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ؟ 138

**ئىككىنچى قائىدە:** 141

نىشانغا تەدرىجىي يېتىش ماھارىتى 141

**ئۈچىنچى قائىدە:** 147

سىياسىي ئۇستەل 147

**تۆتىنچى قائىدە:** 155

مانېۋىر سەنئىتى 155

**بەشىنچى قائىدە:** 165

توقۇنۇشنىڭ تۈگۈنى 165

**ئالتىنچى قائىدە:** 177

سىياسىي نۇتۇقنىڭ دەرىجىلىرى 177

**يەتتىنچى قائىدە:** 181

ئىسلاھات قاتلاملىرى 181

**شەكىل ۋە ئۆرنەكلەر** 189

# تەھرىردىن

مۆھتەرەم كىتابخان! سىز سىياسىي پائالىيەت قىلمىسىڭىزمۇ، سىياسەت دۇنياسى سىزدىن ئايرىلمايدۇ. چۈنكى، سىياسەت ھەر ساھە كىشىلەرگە چېتىلىدۇ. سىياسىي قارارلار ئەجابىي ياكى سەلبىي شەكىلدە ھەممەيلەنگە تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ. سىياسەت كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ پۈتۈن ساھەلىرىگە ئازدۇر - كۆپتۇر سىڭىپ كىرىدىغان بولغاچقا، ھېچكىم ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. شۇڭلاشقا، بولۇپمۇ بىزدەك مۇستەملىكىگە چۈشۈپ قالغان بىر مىللەتتىكى ھەربىر كىشىنىڭ سىياسىي پرىنسىپلارنى ۋە سىياسەت ئويۇنلىرىنى چۈشىنىشى، ئاڭقىرىشى ۋە شۇ ئاساستا ھەرىكەت قىلىشى ئىنسانلىق خاراكتېرىدۇر ۋە مۇسۇلمانلىق مەجبۇرىيىتىدۇر.

قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب ھەر ساھە كىشىلەرنىڭ ئويغىنىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە كەلگۈسىگە قاراپ ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن سىياسىي پائالىيەت قىلىش ھەققىدە بىر قاتار پرىنسىپلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئاددىي ئۇقۇملار بىلەن سىياسىي ۋەقەلەرنى، سىياسىي شەخسلەرنى ۋە سىياسەت دۇنياسىنى چۈشىنىش ئاساسلىرىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنىدۇ. سىياسىي پائالىيەتچىنىڭ توغرا يوسۇندا سىياسىي ھەرىكەت قىلىشى ئۈچۈن ئون تۈرلۈك قائىدىنى، سىياسىي ۋەقەتكە مۇناسىۋەتلىك تۆت تۈرلۈك قائىدىنى ۋە سىياسىي ئويۇنغا مۇناسىۋەتلىك يەتتە تۈرلۈك قائىدىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇنىڭدەك سىياسىي ھەرىكەتنى شەرىئەتنىڭ

پرىنسىپلىرى ۋە مەقسەتلىرىگە زىتلاشتۇرماستىن ئېلىپ بېرىشقا ۋە سىياسىي ئاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ھەسسە قوشىدۇ.

ئابدۇراھمان جامال كاشغەرىي

2021 ـ يىلى11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى

# مۇقەددىمە

## نېمىشقا سىياسىي پائالىيەت پىرىنسىپلىرى ھەققىدە قەلەم تەۋرىتىمىز؟

كۆپىنچە كىشىلەر «سىياسەت» ۋە «سىياسەت ئىلمى» دېگەن ئىككى سۆز ئارىسىدىكى ئۇقۇمنى ئارىلاشتۇرۇپ قويىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئاۋام خەلقنىڭ، ھەتتا خېلى كۆپ ساندىكى جامائەت ئەربابلىرىنىڭ ئېڭىدىكى «سىياسەت» سۆزى ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ بىر تۈرى دەپ قارىلىدىغان «سىياسەت ئىلمى» دېگەن سۆزگە باراۋەر ئەمەس. سىياسەت ئىلمى سىياسىي ھادىسىلەرنى ئىلمىي رامكا ئىچىدە ئانالىز قىلىدىغان ئىلىم بولۇپ، بۇ ئانالىز سىياسىي تەتقىقاتچىلار ۋە ئالىملار ئارىسىدا تونۇشلۇق بولغان، شۇ ئىلىمنىڭ ئۆزىگە خاس مېتود، تەتقىقات ئۇسۇلى ۋە ئاتالغۇلىرىغا رىئايە قىلغان ئاساستا ئېلىپ بېرىلىدۇ. سىياسەت دېگەن سۆز ئومۇمنىڭ ئىشىغا كۆڭۈل بۆلۈش، سىياسىي پائالىيەت ۋە ھەرىكەت دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە بولۇپ، تۈرلۈك تەشۋىقات ۋاستىلىرىدە سىياسىي ئەربابلارنىڭ ئاددىي خەلققىچە ھەممىمىز ئاڭلاپ تۇرىدىغان مۇلاھىزە، ئانالىز ۋە ھادىسىلەرگە بېرىلگەن باھالاردۇر. سىياسەت ئۇقۇمىنىڭ بۇ ئىزاھى بويىچە ئېيتقاندا، ئاۋام خەلق ھەر كۈنى دېگۈدەك سىياسىي پائالىيەت بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ، دېيەلەيمىز. چۈنكى كۈندىلىك ھايات سىياسىي تېمىلاردىن خالىي بولالمايدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن، سىياسەت كوللېكتىپ پائالىيەت بولغانلىقى نۇقتىسىدىن

باشقا ساھەلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، بىر ئادەم ئاغرىپ قالسا، دەرھال تىببىي ساھەدە يېتىشكەن بىر دوختۇرغا كۆرۈنىدۇ. چۈنكى تىببىي ساھە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر ئىلىم ۋە پەندۇر. شۇنداقلا بىرەر دىنىي مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا: «بىلمەيمەن، بۇنىڭ جاۋابى ئۈچۈن بىرەر فەقىھ (ئىسلام ئالىمى) نى ئىزدەڭ!» دېگەندەك جاۋابلارنى ئاڭلاپ تۇرىمىز. چۈنكى فىقھ (ئىسلام قانۇنى) ۋە ئۇسۇل فىقھ (ئىسلام قانۇنشۇناسلىقى) ساھەسىمۇ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر ئىلىم ساھەسىدۇر. ئەمما سىياسىي مەسىلىلەرگە كەلسەك، بۇ ساھەدە ھەر كىمنىڭ ئۆزى چاغلاپ مۇلاھىزە ۋە تەنقىدلەرنى يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىنى قەدەمدە بىر ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. شۇنداقلا كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ۋە ئومۇمنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋالىدىغان بىر قىسىم يېتىم ئاقساقاللارنىڭ سىياسىي پائالىيەت پىرىنسىپلىرى توغرىسىدا پۇختا ئىلمىي ئاساسقا ئىگە بولماي تۇرۇپ، بىرەر سىياسىي ھادىسە ھەققىدە ئازغىنە مەلۇماتقا ئىگە بولۇۋېلىپلا سىياسىي مەسىلىلەرنى ئانالىز ۋە تەھلىل قىلىۋاتقانلىقىنى، ھەتتا سىياسىي پائالىيەتلەرگە بىۋاستە قول تىقىۋاتقانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. سىياسەتنىڭ ئىشسىزلارنىڭ كەسپىگە ۋە ھەۋەسكارلارغا ئوچۇق بىر ساھەگە ئايلىنىپ قېلىشى ئەڭ مۇھىم ساھەلەردىن بىرىدە قالايمىقانچىلىق ۋە مۇقىمسىزلىق پەيدا قىلىدىغان ئامىللاردىن بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ سىياسەتنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزغا چوڭقۇرلاپ سىڭىپ كىرگەنلىكىنى نەزەردە تۇتقىنىمىزدا بىز ياشاۋاتقان دۇنيانى بىر سىياسىي دۇنيا دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى بۇ دۇنيانىڭ ھەر ساھەسىدە سىياسەت ھۆكۈم سۈرمەكتە.

سىياسىي ساھەدە يۈز بېرىۋاتقان مەمەدانلىق ۋە قالايمىقانچىلىقنى سىياسەت دېگەن ئاۋام خەلقنى پىكىر بىلدۈرۈشتىن ياكى

ئاربلىشىشتىن توسقىلى بولمايدىغان ئومۇمنىڭ ئىشى دېگەن نۇقتىدىن چۈشەندۈرگىلى بولۇشى مۇمكىن. ھازىرقى مەدەنىي دۆلەتلەردىكى سىياسىي ھايات ئوخشىمىغان سەۋىيەدىكى ئاۋام خەلقنىڭ سىياسىي پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىشىنى ئاساس قىلىدىغان بولۇپ، ئاۋام خەلقنىڭ سىياسىي پائالىيەتلەردىن يىراقلىشىشى سىياسىي ھاياتنى پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئاۋامنى سىياسىي پائالىيەتلەردىن ۋە پىكىر بايان قىلىشتىن مۇتلەق چەكلەش مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ھېسابلىنىدۇ.

بۇ كىتابنى يېزىشتىكى مەقسەت سىياسىي پائالىيەتلەرنى چۈشەپ قويۇش ئەمەس، بەلكى ئومۇمنىڭ ئىشىغا ئەھمىيەت بەرگۈچىلەرنى سىياسەتكە ئاڭسىز ھالدا ئىشتىراك قىلىشتىن ئاڭلىق ھالدا ئىشتىراك قىلىشقا ئۈندەشتۇر. سىياسەتكە ئاڭلىق ئىشتىراك قىلىش دېگىنىمىز يۈز بەرگەن سىياسىي ھادىسىلەرنى تەھلىل قىلىش، ئانالىز قىلىش، باھالاش ۋە كېيىن يۈز بەرگۈسى ھادىسىلەر ھەققىدە ئالدىن پەرەز قىلىشتىن تارتىپ، سىياسىي تاكتىكىلار (سىياسەتنى كونترول قىلىش قائىدىلىرى) غا يېتەكچىلىك قىلىدىغان قائىدە ۋە مۇھىم ئۇقۇملارغىچە چېتىلىدۇ.

ئەرەب دۇنياسىدىكى سىياسەتكە كۆڭۈل بۆلىدىغان بەزى ياشلارنىڭ، زىيالىيلارنىڭ ۋە سىياسىي پائالىيەتلەرگە ئاڭلىق قاتنىشىش مەقسىتىدە ، سىياسەت بىلىمگە قىزىققان كىشىلەرنىڭ راينىي سىناش ئارقىلىق، ئۇلارنى سىياسەتكە تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىشكە جەلپ قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرىنى تاپالمىغانلىقىنى بايقىدۇق. چۈنكى ئۇلار ئادەتتە سىياسىي

پىرىنسىپلار ھەققىدە توختالغان كىتابلارغا مۇراجىئەت قىلىدۇ. ياشلارنىڭ بۇ تۈردىكى كىتابلارنى بىر قانچە بەتتىن ئارتۇق ئوقۇشقا رايى بارمايدۇ ـ دە، كىتابتىن يالتىيىپ تاشلاپ قويىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟

چۈنكى پىرىنسىپلار ھەققىدە يېزىلغان كىتابلار مەيلى سىياسەت بولسۇن، مەيلى جەمئىيەتشۇناسلىق، قانۇن ۋە ياكى مېدىيا (ئاخبارات ۋاستىلىرى) ھەققىدە بولسۇن، ئومۇمەن شۇ پەندە ئوقۇيدىغان دەسلەپكى سەۋىيەدىكى ئوقۇغۇچىلارغا ياكى شۇ ئىلىمنىڭ ئومۇمىي پىرىنسىپى ھەققىدىكى پىكىرلەرنى ئۆزلەشتۈرۈشكە قىزىققۇچىلارغا قارىتىلغان. مەسىلەن، سىياسەت ئىلمىنىڭ پىرىنسىپلىرى ھەققىدە توختالغان كىتابلارنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسىغا قارايدىغان بولساق، ئالدى بىلەن سىياسەت ئىلمىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىياتى ھەققىدە، ئاندىن ئۇنىڭ باشقا ئىلىملەر بىلەن چېتىلىشى ۋە سىياسىي ئىلىمدىكى ئاساسىي ئېقىملار ھەققىدە، ئاندىن گرېكلار (يۇنانلىقلار)، رىملىقلار، ئوتتۇرا ئەسىردىكى خرىستىيان دۇنياسى ۋە ئىسلام دۇنياسىدا بارلىققا كەلگەن سىياسىي نەزەرىيەلەردىن تارتىپ تاكى كۈنىمىزدىكى سىياسىي نەزەرىيەلەر ھەققىدە توختىلىدۇ.

بۇنچىۋالا كۆپ نەزەرىيەۋى ساۋاتلار ۋە ئاكادېمىك يازمىلار ئالدىدا ياش ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىزچىل ئوقۇش قىزغىنلىقى ئەلۋەتتە تۆۋەنلەيدۇ ۋە كىتابنى بىر قانچە بەت ۋاراقلاپلا ئوقۇشتىن يالتىيىپ قالىدۇ. بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى شۇكى، ئۇلار مەزكۇر كىتابلاردا ئۆزلىرىنىڭ قىزىقىش ساھەسى بولغان «سىياسەت» ھەققىدە بىر نەرسە تاپالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئوقۇغىنى پەقەت بەزىدە ئۆزلىرى ھەزىم قىلىپمۇ بولالمايدىغان «سىياسەت

ئىلمى» ھەققىدىكى نەزەرىيەلەر بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بۇلار باشقا تىپتىكى ئوقۇرمەنلەرگە قارىتىپ يېزىلغان ئەسەرلەردۇر.

قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب سىياسەتكە كۆڭۈل بۆلىدىغان ئاۋام خەلق، جامائەت ئەربابلىرى ۋە يولباشچىلاردىكى ئىلمىي بوشلۇقنى تولدۇرۇش، سىياسىي تاكتىكىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان قائىدىلەر (سىياسەتنى كونترول قىلىش قائىدىلىرى) گە دىققەت تارتىش ۋە سىياسىي پائالىيەتلەرنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشكە قىزىققۇچىلارغا مۇناسىپ ئوقۇشلۇق بولۇشى ئۈچۈن تۈزۈلدى.

بۇ تېمىنى تاللاشنىڭ سەۋەبى شۇكى، سىياسىي ساھەدە پىشقان رەھبەرلەرنىڭ يېتىشىپ چىقىشى بىزنىڭ نەزىرىمىزدە بىھۇدە ئىش ئەمەس، بەلكى ئەڭ مۇھىم ئىشلاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.



سىياسىي ھەرىكەتنىڭ نېگىزى ئىلمىي تىل ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپلىرىنى پۇختا بىلىدىغان رەھبەرلەرنى، شۇنداقلا ھەر خىل بىلىملەرنى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي جەھەتتىن پۇختا ئىگىلەپ، ئىلمىي تەجرىبىلىرىنى رەھبەرلەرگە سۇنالايدىغان ماھىر مۇتەخەسسىسلەرنى يېتىشتۈرۈشتۇر.

رەھبەرلەر:

- 1. ئۆزلىرىنىڭ ئېمىلەرنى كۆتىدىغانلىقىنى،
- 2 . كىملەردىن كۆتىدىغانلىقىنى،
- 3. مەسلىھەتنى ئالىدىغان كىشىلەرنىڭ تىلىنى بىلىشكە جىددىي ئېھتىياجلىق.

رەھبەرنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى ئىپادىلەش ئۈچۈن بىر مىسال ئالايلى: رەھبەر سىياسىي مەسلىھەتچىدىن دۆلەت ياكى

مەلۇم پارتىيەنىڭ سىياسىي مەۋقەسى ھەققىدە دوكلات تەييارلاشنى تەلەپ قىلغاندا مەسلىھەتچى دوكلات تەييارلايدۇ. دوكلاتنىڭ خۇلاسىسىدە ئۇ دۆلەت «توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلاش» تاكتىكىسى قوللىنىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. دېمەك، سىياسىيون بۇ دوكلاتتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىلمىي ئاتالغۇلارنى چۈشەنگىدەك سەۋىيەدە بولۇشى كېرەك.

## ئۇنداقتا، «سىياسىي رەھبەر» بىلەن «سىياسەت مۇتەخەسسىسلىرى»نىڭ رولى نېمە؟

مۇتەخەسسىس سىياسىي ۋەزىيەتنى ماھىرلىق بىلەن كۆزىتىپ، كەسپىي نۇقتىدىن ئانالىز قىلغاندىن كېيىن، ئۇنى سىياسەت دۇنياسىدىكى نەزەرىيەۋى پىرىنسىپلار ۋە ئىنچىكە تەپسىلاتلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئاخىرىدا مەلۇم يەكۈن ياكى تەۋسىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

رەھبەر سىياسىي مەسىلىلەرگە قارىتا مۇۋاپىق قارار چىقىرالىشى ئۈچۈن مۇتەخەسسىسلەر ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر - تەكلىپلەرنى چۈشىنەلەيدىغان دەرىجىدە سىياسىي بىلىمگە ئىگە بولۇشى لازىم. رەھبەر ئىلمىي تەپسىلات ۋە نەزەرىيەلەرنى پۇختا بىلمەسلىكى ھەمدە مۇتەخەسسىسلەردەك يۇقىرى سەۋىيەدىكى دوكلات تەييارلىيالماسلىقى مۇمكىن. مۇتەخەسسىسلەرمۇ قارار چىقىرىش سالاھىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان رەھبەرلىك ئىقتىدارى، ماھارىتى ۋە ياكى ھوقۇققا ئىگە بولماسلىقى مۇمكىن.

سىياسىي ھەرىكەت پىرىنسىپى ھەققىدە قەلەم تەۋرىتىشىمىزدىكى يەنە بىر سەۋەب بولسا سىياسىي قارارلارنىڭ بىر جەمئىيەتنىڭ كەلگۈسى، باي - كەمبەغەللىكى ۋە

ئاسايىشلىقىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىش، چېكىنىش ۋە باشتىن كەچۈرگەن ھايات ـ ماماتلىق كۈرەشلىرى ئېلىپ كەلگەن تەسىرلىرىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، سىياسىي قارارنىڭ ھەر قايسى مىللەت ۋە خەلقلەرنىڭ ھاياتلىق مۇساپىسىدىكى مۇھىم رولى ۋە جانلىق تەسىرى ئايدىڭلىشىدۇ.

## كىتابنىڭ مېتودى

سىياسەت ئىلمىنىڭ قائىدە - پرىنسىپلىرى ھەققىدە يېزىلغان كىتابلارنى ۋاراقلىغىنىمىزدا ئاپتور ئالدى بىلەن بۇ ئىلىمگە بېرىلگەن ئېنىقلىمىلارنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن ئاتالغۇ ھەققىدىكى تۈرلۈك بەس - مۇنازىرىلەرنى تىلغا ئالىدۇ. ئاندىن سىياسىي پائالىيەتلەردە بۇ ئېنىقلىمىدىن قانداق پايدىلىنىدىغانلىقى ۋە بۇ ئېنىقلىمىدا زادى نېمە مەقسەت قىلىنغانلىقىنى بايان قىلماستىن، بۇ ئېنىقلىمىلاردىن مەلۇم بىرىنى تاللايدۇ ۋە ياكى ئۆزى مۇستەقىل ئېنىقلىما بېرىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ئاساسىي پرىنسىپلار ھەققىدە توختالغان كىتابلار ئىلمىي تەتقىقاتلاردا ئېھتىياج چۈشىدىغان تەپسىلاتلارغا كىرمەستىن، سىياسەت ئىلمى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇھىم نۇقتىلار ۋە ئاتالغۇلارغا دىققەت تارتىشنى مەقسەت قىلغانلىقىدۇر.

بۇ كىتابنىڭ تېمىسى ئۈستىدە ئۆزۈن يىل ئىزدىنىشتىن شۇ نەرسە ئايدىڭ بولدىكى، سىياسەت ئىلمىنى ياخشى بىلىش سىياسىي ھەرىكەتنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشتە ۋە سىياسەتنى ئىدىئاللىقتىن يىراق ھالدا ئەمەلىي رېئال ھاياتقا قانداق تەتبىقلاشنى بىلىشتە يادرولۇق ھەم نېگىزلىك نۇقتا ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا سىياسەت ئىلمىنىڭ نېگىزىنى تولۇق تونۇغانلىق سىياسىي سەھنىنى ياخشى چۈشىنىپ، سىياسىي تەھلىلنى ماھىرلىق بىلەن قىلىپ، دانالىق بىلەن قارار چىقىرىشتا ئەكس ئېتىدۇ.

شۇڭلاشقا ئىنقىلما بىلەن سىياسىي ھادىسىلەرنىڭ باغلىنىشىنى يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن سىياسەتنىڭ ئىنقىلمىسى ھەققىدە تەپسىلىيراق توختالدۇق. سىياسەتنىڭ ئىنقىلمىسىنى ياخشى چۈشىنىش سىياسەت مەيدانىدىكى نۇرغۇن خېيىم - خەتەردىن ساقلاپ قالىدۇ، دېسەك ھەرگىزمۇ ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز.

بىز بۇ كىتابتا سىياسىي ھادىسىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئەسقاتىدىغان ئەمەلىي ۋاستىلەرنى تەشكىل قىلىدىغان ھەمدە سىياسىيۇنلار بىلمىسە بولمايدىغان پىرىنسىپلارنى جەملىدۇق. ئوقۇرمەننى زېرىكتۈرۈپ قويىدىغان ياكى ئەمەلىيەتتە ئەسقاتمايدىغان ئۇچۇرلار ھەققىدە توختالمىدۇق. مەسىلىلەرنى مىساللار ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ، ئىنقىلما ۋە ئاتالغۇلارنىڭ زۆرۈر بولمىغانلىرىنى بەك كۆپ تىلغا ئالماستىن ئىخچام بايان قىلدۇق.

بىز بۇ كىتابتا بىلىشكە تېگىشلىك مەسىلىلەرنىڭ ھەممىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق دېيەلمەيمىز، ئەمما مۇشۇ ساھەدە ئىزدىنىۋاتقان كىشى بىلمىسە زىيان تارتىدىغان مەسىلىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىنى بىر قاتار تىلغا ئېلىپ ئۆتتۇق.

**يىغىپ ئېيتقاندا**

— بۇ كىتاب سىياسىي ئەخلاق ياكى ئەمەلىي سىياسىي پائالىيەتنى سىستېمىلىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان بىر قىسىم قائىدە - پىرىنسىپلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دېيەلەيمىز.

— بۇ كىتاب سىياسەتنى بىر ئىلىم ياكى تەتقىقات ساھەسى سۈپىتىدە ۋە ياكى مېتود ۋە ۋاستىلىرىنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە ئىنچىكىلەيدىغان شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويمايدۇ. پەقەت ئاساسىي

پىرىنسىپلارنىلا ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تەپسىلاتلار ھەققىدە توختالمايدۇ، سىياسىي مەشغۇلاتلارنى «قېلىپلاشتۇرۇش» دېيىشكە بولىدىغان زۆرۈر ئىشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. چۈنكى قائىدە ـ پىرىنسىپ ئادەتتە ئۇنىۋېرسال، ئابستراكت ۋە مەسئۇلىيەت ئارتقۇچى بولىدۇ.

ــ كۆپلىگەن خەلق ۋە مىللەتلەرنىڭ سىياسىي مەيداندىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىدىن يەكۈنلەنگەن بۇ قائىدە ـ پىرىنسىپلار ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى سىياسىي مەشغۇلاتلارنى كونترول قىلىشقا ۋە قېلىپلاشتۇرۇشقا يارايدۇ.

## كىتابنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى

كىتاب بىر يۈرۈش ئاساسىي پىرىنسىپلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۈچ قىسمغا بۆلۈنىدۇ:

بىرىنچى قىسىم: سىياسىي ھادىسىلەرنىڭ خاراكتېرىگە مۇناسىۋەتلىك پىرىنسىپلار.

ئىككىنچى قىسىم: سىياسىيونلارغا مۇناسىۋەتلىك پىرىنسىپلار.

ئۈچىنچى قىسىم: سىياسىي پائالىيەتكە (سىياسىي تاكتىكىغا) مۇناسىۋەتلىك پىرىنسىپلار.

كىتابنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىغا كىرىشتىن بۇرۇن، سىياسىي پىرىنسىپ ئۇقۇمىنى ئىزاھلايدىغان قىسقىغىنە كىرىش سۆز قىستۇرۇلدى. خاتىمىسىدە خۇلاسە ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

ئاخىرىدا، بۇ كىتابنى سىياسىي ھەرىكەت ئېڭىنى ئۆستۈرۈش ۋە سىياسەت ھەققىدە يېزىلغان ئەسەرلەردىكى بەزى بوشلۇقلارنى تولدۇرۇپ، قوللىنىشچان بىر قورال سۈپىتىدە ئوقۇرمەنلەرگە سۇنىمەن.

# كىرىش سۆز

## قائىدە (پرىنسىپ) دېگەن نېمە؟

قائىدە ئەرەب تىلىدا «ئاساس» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئىستىلاھىدا قائىدە مۇئەييەن ئىش ـ ھەرىكەت ۋە يۈرۈش ـ تۇرۇشتىن كېلىپ چىقىدىغان نەتىجىنىڭ يوللۇق بولۇش ـ بولماسلىقى نەزەردىن ساقىت قىلىنىغان ھالدا «مەزكۇر ئىش ـ ھەرىكەت ۋە يۈرۈش ـ تۇرۇشلارنى مۇئەييەن ئورۇندا، مەلۇم يۆنىلىشكە بۇرايدىغان ئومۇمىي پرىنسىپتۇر».

شەرئىي ياكى قانۇنىي قائىدە دېگىنىمىز: «مۇئەييەن ۋە كونكرېت شەرئىي نەتىجىنى مۇئەييەن ۋە كونكرېت رېئاللىققا باغلايدىغان شەرئىي ئومۇمىي پرىنسىپتۇر».

دېمەك، شەرئىي ياكى قانۇنىي قائىدە ـ پرىنسىپ دېگىنىمىز نەتىجە ۋە ئاقىۋەتلىرى شەرىئەتكە ياكى قانۇنغا ئۇيغۇن بولغان قائىدە ـ پرىنسىپلاردۇر.

قائىدە ـ پرىنسىپلار يۇقىرىقىدەك قانۇنلۇق ۋە قانۇنسىز دەپ ئايرىلىسىمۇ، بىز بۇ كىتابتا سىياسىي قائىدە ـ پرىنسىپلارنى ئۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان نەتىجىلەرنىڭ قانۇنغا ئۇيغۇن (قانۇنلۇق) ياكى ئەمەسلىكى نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلمايمىز،

بەلكى كېلىپ چىقىدىغان نەتىجە قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سىياسىي هەرىكەت ۋە سىياسىي مەشغۇلاتلارغا ئومۇميۈزلۈك تەسىر كۆرسىتىدىغان بىر قاتار قائىدە ـ پىرىنسىپلارنى، مەزكۇر قائىدە ـ پىرىنسىپلارنىڭ سىياسىي ساهەدە ئوينايدىغان روللىرى بىلەن قوشۇپ مۇلاهىزە قىلىمىز. شۇنداقلا بىز سىياسىي پائالىيەتنىڭ ئاقىۋەت ۋە نەتىجىسى هەققىدە توختالمايمىز، بەلكى سىياسىي پائالىيەتنىڭ مەنتىقىسى هەققىدە توختىلىمىز.

## سىياسىي قائىدە - پىرىنسىپلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

سىياسىي پائالىيەتكە مۇناسىۋەتلىك قائىدە ـ پىرىنسىپلارنىڭ بىر قاتار ئالاھىدىلىكلىرى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە:

**1. ئىلمىي فورمىلا:** ئىلمىي فورمىلا دېگىنىمىزدە قائىدە ـ پىرىنسىپلارنى يەكۈنلەش جەريانىدا مۇكەممەللەشكەن ئىلمىي ئۇسلۇب كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

بۇ بۇقتىدا ئىنسانشۇناسلىق پەنلىرى مەنتىقىسىنى تەبىئىي پەنلەرگە سىڭدۈرۈشكە ئۇرۇنغانلار مەشھۇر ئىلمىي مۇشكۈلچىلىككە ئىشارەت قىلماي بولمايدۇ. بۇ مۇشكۈلچىلىك ھازىرغىچە كەسكىن بىر تەرەپ قىلىنمىغان بولۇپ، دېيۋىد ھۇمدىن باشلاپ كارل پوپېر، توماس كون، ئىيمرىي لاكوتاس ۋە پائۇل فراباند قاتارلىق ئالىملار (پەن پەلسەپىسى ئالىملىرى ـت) تەرىپىدىنمۇ كۆپ بەس ـ مۇنازىرە قىلىنغان. ئاخىرىدا ئۇلار چىقارغان خۇلاسە شۇكى، ئىنسانشۇناسلىق پەنلىرىنى تەبىئىي پەنلەردەك ئىنچىكىلەش پەقەت خام خىيالدىنلا ئىبارەت. ئىنسانشۇناسلىق پەنلىرىدە ئىلمىي زورۇقۇشتىن چىقىپ كېتىش كېرەك. ئۇلار بۇ يەردە كۆزدە تۇتقان ئىلمىي زورۇقۇش مېتودىك ۋە ئاكادېمىك فورمىلالاردىن ئىبارەت.

مۇشۇنداق مۇشكۈلچىلىكتىن چىقىش ئۈچۈن بىز بۇ كىتابتا كۆرسەتمە ۋە يولىيورۇق خاراكتېرىدىكى قائىدە ـ پىرىنسىپلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەنلا كۇپايىلەندۇق. ھەقىقەتلەرنى (مۇنازىرە ئۇسلۇبىغا ئاساسەن شۇنداق ئاتاشقا بولىدۇ) مۇئەييەن نەتىجىگە باغلايدىغان قائىدە ـ پىرىنسىپلاردىن يىراق تۇردۇق. تۆۋەندىكى

ئالاھىدىلىكتە بۇ ھەقتە بىر قەدەر كونكرېت توختىلىمىز.

**2. سىياسىي ئۇنۇم:** قائىدە ـ پرىنسىپ بەزىدە مۇئەييەن سىياسىي نەتىجە بىلەن مۇئەييەن سىياسىي پائالىيەتنى بىر ـ بىرىگە باغلايدۇ. بۇنىڭ مەنىسى: قائىدە سىياسىي ھەرىكەت «ئا»نىڭ نەتىجە «ب»غا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، دېگەنلىكتۇر. بۇ خۇددى زورلۇق ـ زومبۇرلۇق بىلەن باستۇرۇش (ھەرىكەت) ئىنقىلابنى (نەتىجىنى) بارلىققا كەلتۈرىدۇ ياكى زورلاپ ئۆزگەرتىش (ھەرىكەت) دىكتاتۇرىغا تايىنىدىغان سىياسىي تۈزۈلمە (نەتىجە) نى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. تىنچ ئۆزگەرتىش (ھەرىكەت) دېموكراتىك سىياسىي تۈزۈم (نەتىجە) نى بارلىققا كەلتۈرىدۇ، دېگەنگە ئوخشايدۇ. بۇنداق بولغاندا قائىدە ـ پرىنسىپنىڭ سىياسىي ئۈنۈمنى روشەن كۆرگىلى بولىدۇ.

بەزىدە قائىدە ـ پرىنسىپ ئۇنىۋېرسال يولىيورۇق خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، سىياسەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى تونۇپ يېتىشى زۆرۈر بولغان ئىسپىراق بىر ھەقىقەتنى تەكىتلەيدۇ. مەسىلەن، «كۈرەش ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى ھايات ـ ماماتلىق، يەنە بىرى رىقابەت تۈسى ئالغان بولىدۇ» ياكى «سىياسەتنىڭ ئېگىزى كۈچتۇر» دېگەنگە ئوخشاش قائىدىلەر كۆرسەتمە ۋە يولىيورۇق خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ بىۋاستە سىياسىي تەسىرى بولمىسىمۇ، سىياسىيونىنىڭ مەسىلە بىر تەرەپ قىلىش ئۇسلۇبى ۋە خاراكتېرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

**3. ئېنىق ۋە قوللىنىلىشچان:** دېمەك، قائىدە ـ پرىنسىپ كىلاسسىك، قىيىن ۋە مۇرەككەپ تىل بىلەن ئەمەس، بەلكى دەۋر تىلى بىلەن ئىپادىلىنىشى، كۆپ خىل ئىزاھلاشنى قوبۇل قىلىدىغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن خالىي بولۇشى لازىم.

چۈنكى چۈشىنىش ياكى ئىزاھلاش قىيىن بولسا، تەتبىقلاشقا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا قائىدە - پرىنسىپ قانچە ئاددىي ھەم چۈشىنىشلىك بولسا، شۇنچە ياخشى بولىدۇ.

**4. ئامىباپ ۋە ئەتراپلىق بولۇش:** قائىدە - پرىنسىپ قانداقتۇر بىر دۆلەت مەلۇم تارىخىي باسقۇچتا باشتىن كەچۈرگەن سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ تەپسىلاتى ۋە مۇرەككەپلىكى ھەققىدە توختالمايدۇ، بەلكى چوڭ سىياسىي پىلان ياكى ئومۇمىي ۋەزىيەت ھەققىدە توختىلىدۇ. «ئېغىر بېسىم پارتلاشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ» دېگەن قائىدىگە قارايدىغان بولساق، بۇ قائىدە زوراۋانلىق ھەرىكىتىنى سادىر قىلىۋاتقان سىياسىي تۈزۈلمىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتلىرى ۋە ئۇنىڭ كونكرېت پائالىيەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرمەيدۇ، بەلكى ئىنقىلاب ئىنقىلابچىلار سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى قاتتىق قول، مەغلۇبىيەتچى سىياسىي تۈزۈم تۈپەيلىدىن پارتلايدۇ، دەيدىغان پرىنسىپنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.

## قائىدە - پرىنسىپلارنىڭ قوللىنىلىشچانلىقى

كىتابتا تىلغا ئېلىنغان سىياسىي قائىدە - پرىنسىپلارنى تۆۋەندىكى ئۈچ سەۋىيەدە قوللىنىش مۇمكىن:

**1. نىشان ۋە پىلاندا:** سىياسىيون ئۆزىنىڭ نىشان ۋە سىياسىي پىلانلىرىنى تۈزۈش ۋە ئوتتۇرىغا قويۇشتا كۆرسەتمە سۈپىتىدە قوللىنىدۇ.

**2. ئىستراتېگىيەدە:** رېئاللىقنى چۈشىنىش، ئۆزئارا باغلىنىشى يوق، چېچىلاڭغۇ ھادىسىلەرنى جەددىي، مۇھىم سوئاللارغا جاۋاب بېرىدىغان مۇئەييەن رامكا ئىچىدە ئانالىز قىلىپ، رېئال ھادىسىگە قارىتا مۇناسىپ ئىستراتېگىيە بەلگىلەشتە قوللىنىشقا بولىدۇ.

**3. ئىجرائاتتا:** سىياسىي پائالىيەتلەرنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئاڭلىق ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقى ھەققىدە ئۆلچەم قىلىپ قوللىنىشقا بولىدۇ.

## قائىدە - پرىنسىپلارنى قوللىنىشنىڭ پايدىلىرى

بۇ قائىدە - پرىنسىپلار ئىنسانلار تارىخ مابەينىدە يەكۈنلىگەن ئەقىل - پاراسەت ۋە تەجرىبىلىرىنىڭ جەۋھىرى بولغانلىقتىن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە:

**بىرىنچى:** بۇ قائىدە - پرىنسىپلار مەلۇم بىر ھادىسە ياكى ۋەزىيەت ھەققىدە ئىنسانىيەت باشتىن كەچۈرگەن تەجرىبىلەرنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىغا ئاساسەن قارار چىقىرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سىياسىي قارار چىقىرىش شۇ دەقىقىدىكى ھاياجانلىق سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ مەھسۇلى بولماستىن، بەلكى ئىنسانلارنىڭ بىلىم جۇغلانمىسىغا تايانغان، ئوبيېكتىپ ئويلىنىشنىڭ مەھسۇلىدۇر.

**ئىككىنچى:** بۇ قائىدە - پرىنسىپلارنى قوللىنىشنىڭ مۇھىم تەسىرلىرىدىن:

قائىدە - پرىنسىپلار پۈتۈن سىياسىي قارار ۋە ئىش - ھەرىكەتلەرنى كەڭ ئىجتىمائىي رامكىغا قويىدۇ، قارار چىقىرىشتا يىراقنى كۆرۈش ۋە تېخىمۇ كۆپ مەنبەدىن پايدىلىنىشقا ئېلىپ بارىدۇ. نەتىجىدە سىياسەت ھەرىكەت كۆز ئالدىمىزدىكى ھادىسىگىلا قايتۇرۇلغان ئىنكاس بولماستىن، بەلكى كەلگۈسىگە قارىتا ئىستراتېگىيەلىك پىلان تۈزۈشكە ئايلىنىدۇ. مەسىلەن، «ئېغىر بېسىم پارتلاشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ» دېگەن قائىدىنى مۇئەييەنلەشتۈرگىنىمىزدە، بۇ قائىدىنى ئاڭلىق ئىدراك قىلىش

سىياسىي قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى زۇلۇمغا ئۆتكۈنچى ئىنكاس قايتۇرۇشتىن (ئۇنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھمىيىتىگە سەل قارىماستىن) جەمئىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان ئىنقىلابقا مۇناسىۋەتلىك كەلگۈسى پىلان - لايىھە تەييارلاشقا يېتەكلەيدۇ. نەتىجىدە تېخىمۇ كۆپ ئادەم كۈچى ۋە ئىقتىسادىي بايلىقنى ئاشۇ سىنارىيە ياكى كۆرۈنۈشنى تەييارلاشقا سەپەرۋەر قىلغىلى بولىدۇ.

**ئۈچىنچى:** قائىدە - پىرىنسىپلار كۈرەش مەيدانىدىكى مەسىلىلەرگە ئەمەلىي تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللارنى تېپىپ چىقىش ئارقىلىق كەلگۈسىدىكى ھەر خىل مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن مۇۋاپىق ئۆلچەم ۋە سىياسەتلەرنى يولغا قويۇشقا ياردەم بېرىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قائىدە - پىرىنسىپ مەسىلىلەرگە پائال تەسىر كۆرسەتمەيدىغان ئامىللارغا ئېسىلىۋېلىش نىسبىتىنى ئازايتىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، مەسىلىلەرگە خاتا سوئال قويۇش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىدۇ. بۇنىڭغا ئەگىشىپ سىياسىي ھەرىكەت ياكى قارار چىقىرىشتىكى خاتالىق نىسبىتىمۇ ئازىيىدۇ. شۇنداقلا قائىدە - پىرىنسىپلارنىڭ ئوخشىمىغان ۋەزىيەتكە قارىتا ئۆلچەم بېكىتىش ۋە مۇۋاپىق سىياسەت يولغا قويۇش كۈچى قارار چىقارغۇچىلارنىڭ كەلگۈسىنى تەخمىن قىلىشىدا كېلىپ چىقىدىغان خاتالىقلارنىمۇ بەلگىلىك نىسبەتتە ئازايتىدۇ.

مەسىلەن، «كۈرەش: ھايات - ماماتلىق كۈرەش ۋە رىقابەت خاراكتېرلىك كۈرەش دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ» دېگەن قائىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەندە، دىكتاتۇرلۇققا تايىنىدىغان سىياسىي تۈزۈملەردىن بىرىگە قارشى مەيدانغا چىققان (بۇلارنىڭ مەيدانغا چىقىشىنى ھايات - ماماتلىق كۈرەشى دېيىشكە بولىدۇ) بىر

قىسىم سىياسىي تەشكىلاتلار ئوتتۇرىغا تاشلايدىغان سوئاللار ئاساسىي قانۇن چىقىرىش ۋە سايلاملاردا كۆپ ئاۋازغا ئېرىشىش رىقابىتىگە قارىتا (بۇ خىل رىقابەتلەرنى رىقابەت تۈسىدىكى كۈرەش دېيىشكە بولىدۇ) قويۇلىدىغان سوئالدەك مۇئامىلە قىلىنسا، بۇ سوئاللار ئەسلىي مۇددىئادىن بۇرۇۋېتىلگەن بولىدۇ. نەتىجىدە بۇ سوئاللار ھەققىدە چىقىرىلىدىغان قارارلار مەلۇم دەرىجىدە خاتا بولىدۇ. چۈنكى ھايات ـ ماماتلىق كۈرەشى ھەققىدە قويۇلىدىغان سوئاللارنىڭ خاراكتېرى ۋە ئۇلارغا تۇتۇلىدىغان پوزىتسىيەلەر بىلەن رىقابەت تۈسىدىكى كۈرەشلەر ھەققىدە قويۇلىدىغان سوئاللارنىڭ خاراكتېرى ۋە رولىمۇ بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. بىر دۆلەت ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەسىر يەتكۈزۈشكە ئۇرۇنىدىغان ھەر قانداق ھەرىكەتكە تاقابىل تۇرماقچى بولسا، بۇنداق ھەرىكەتكە مەزكۇر قائىدىنىڭ ئەكسىچە مۇئامىلە قىلىش توغرا بولىدۇ ۋە بۇنداق ھەرىكەتكە قارشى كۈرەشمۇ ئاشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ھايات ـ ماماتلىق كۈرەش ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بىر دۆلەتنىڭ رىقابەت تۈسىدىكى كۈرەش مېخانىكىسىغىلا تايىنىۋېلىشى ئۇنىڭغا قويۇلغان سوئالغا خاتا ئىنكاس قايتۇرغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

**تۆتىنچى:** قائىدە ـ پىرىنسىپلار ئوتتۇراھال سەۋىيەدىكى سىياسىي كادىرلارنىڭ بىر قەدەر مۇرەككەپ، چىگىش مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشىغا ياردەم بېرىدۇ.

**بەشىنچى:** قائىدە ـ پىرىنسىپلار سىياسىي رەھبەرلەرنى ۋە ئىستراتېگىيە تۈزگۈچىلەرنى ئۆز قارارلىرىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن دەلىل قىلىدىغان كۈچلۈك نەزەرىيەۋى رامكا بىلەن تەمىنلەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ سىياسىي رەھبەرلەر ۋە ئاۋام ئالدىدىكى

ئىناۋىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

**ئالتىنچى:** بۇ قائىدە ـ پىرىنسىپلار تەدبىر بەلگىلەشتە ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ، چۈنكى تەدبىر بەلگىلەش ئىككى قۇتۇپلۇق تۆت ئۆلچەمگە تايىنىدۇ:

بىرىنچى ئۆلچەم: ئەقلىي تەپەككۇر ۋە ھېس ـ تۇيغۇ.

ئىككىنچى ئۆلچەم: باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ياكى ئۆزىگە مەركەزلىشىش.

ئۈچىنچى ئۆلچەم: ھۆكۈم (ئىنچىكە ۋە كەسكىن) ۋە تەسەۋۋۇر (ئومۇمىي ئاڭ).



تۆتىنچى ئۆلچەم: مۆلچەرلەش (پاكىت تەلەپ قىلىش) ۋە تەخمىن (پەرەز قىلىش).

قارايدىغان بولساق، قارار چىقارغۇچى تەپەككۇرغا باي، باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، ھۆكۈم قىلىشتا ئىنچىكە ۋە پاكىت تەلەپ قىلىشقا مايىل بولغاندا ئۇنىڭ قارارى ئاساسەن مەنتىقلىق، ئوبيېكتىپ تەھلىل ۋە كەسكىن تەجرىبىگە يېقىن بولىدۇ. سىياسىي قائىدە ـ پىرىنسىپلار ئەنە شۇنداق تەپەككۇر، ھۆكۈم ۋە پاكىت تەلەپ قىلىش قۇتۇپىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سىياسىي پائالىيەتچى ۋە قارار چىقارغۇچىنىڭ ئىش ئۈنۈمىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

## بىرىنچى قىسىم

# سىياسەتنىڭ خاراكتېرىگە مۇناسىۋەتلىك ئاساسىي قائىدە - پرىنسىپلار

بىرىنچى قائىدە: سىياسىي ھادىسىنىڭ پەيدا بولۇشى

ئىككىنچى قائىدە: مۇداپىئە تەڭپۇڭلۇقى

ئۈچىنچى قائىدە: سىياسەتنىڭ نېگىزى

تۆتىنچى قائىدە: سىياسىي پائالىيەتنىڭ ۋاسىتىلىرى


## بىرىنچى قائىدە:

### سىياسىي ھادىسىنىڭ پەيدا بولۇشى

[كَانَ النَّاسُ أُمَّةً وَاحِدَةً فَبَعَثَ اللَّهُ النَّبِيِّينَ مُبَشِّرِينَ وَمُنْذِرِينَ وَأَنْزَلَ مَعَهُمُ الْكِتَابَ بِالْحَقِّ لِيَحْكُمَ بَيْنَ النَّاسِ فِيمَا اخْتَلَفُوا فِيهِ وَمَا اخْتَلَفَ فِيهِ إِلَّا الَّذِينَ أُوتُوهُ مِنْ بَعْدِ مَا جَاءَتْهُمُ الْبَيِّنَاتُ بَغْيًا بَيْنَهُمْ فَهَدَى اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا لِمَا اخْتَلَفُوا فِيهِ مِنَ الْحَقِّ بِإِذْنِهِ وَاللَّهُ يَهْدِي مَنْ يَشَاءُ إِلَى صِرَاطٍ مُسْتَقِيمٍ]

«ئىنسانلار (دەسلەپتە) بىر دىندا ئىدى (كېيىن ئۇلارنىڭ بەزىسى ئىمان ئېيتىپ، بەزىسى ئىمان ئېيتماي ئىختىلاپ قىلىشتى). ئاللاھ (مۆمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇشخەۋەر بەرگۈچى، (كۇففارلارنى دوزاختىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى. (ئاللاھ) كىشىلەرنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن ئۇ پەيغەمبەرلەر بىلەن بىرگە ھەق يولنى كۆرسەتكۈچى كىتابنى نازىل قىلدى. پەقەت كىتاب بېرىلگەن كىشىلەر(يەنى يەھۇدىلار) ئۆزلىرىگە روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن ئۆزئارا كۆرەلمەسلىك قىلىشىپ، كىتاب توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشتى. ئاندىن ئاللاھ مۆمىنلەرنى ئۆز ئىرادىسى بويىچە ئۇلار (يەنى گۇمراھلار) بىرلىككە كېلەلمىگەن ھەقىقەتكە ھىدايەت قىلدى. ئاللاھ خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايدۇ» (بەقەر سۈرىسى، 213 ـ ئايەت).

**ئىنسانلار ئارىسىدىكى سۈركىلىش ئادەتتە ئوخشىماسلىق، كۆپ خىللىق ۋە كەمچىل بولۇشتىن ئىبارەت ئۈچ سەۋەبتىن كېلىپ چىقىدۇ.**




1. شەكىل: سىياسىي ھادىسىنىڭ پەيدا بولۇش ئامىللىرى.

سىياسىي ھادىسىمۇ ئىجتىمائىي ھادىسىلەردىن بىرىدۇر. ئۇ باشقا ھادىسىلەرگە ئوخشاش ئۇنىڭ ئىلمى (سىياسەت پەنلىرى) شەكىللىنىشتىن بۇرۇن پەيدا بولىدۇ. ئىنسان زېمىنغا ئاپىرىدە بولغاندىن تارتىپ ئۇنىڭغا مۇنداق ئۈچ خىل ئامىل ھەمراھ بولغان:

- ئوخشىماسلىق
- كۆپ خىللىق.
- كەمچىل بولۇش.

## ئوخشىماسلىق ھادىسىسى:

كىشىلەرنىڭ ھايات ھەققىدىكى قاراشلىرى ئوخشىمايدۇ. كىم، نېمىگە لايىق؟ بايلىقنى قانداق تەقسىملەش كېرەك؟ جەمئىيەتنىڭ ئۇلى ھەمكارلىق ئاساسىغا تايىنامدۇ ياكى سۈركىلىشكىمۇ؟ دېگەندەك مەسىلىلەرگە ھەممەيلەن ئوخشاش قارىمايدۇ. بۇلاردىن سىرت ئىنسانلارنىڭ مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى، قانداق قارار چىقىرىش، كىملەرنىڭ پىكىر قىلىش ھوقۇقى بارلىقى، ھەر بىر شەخس چىقىرىلغان قارارلارغا قانچىلىك تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ؟ ... دېگەندەك مەسىلىلەردىمۇ ئوخشىمىغان كۆز - قاراشلار مەۋجۇت.

يۇقارقى ئوخشىماسلىقلارنىڭ بىر ئىپادىسى ئىدېئولوگىيەلىك ئوخشىماسلىق بولۇپ، بۇ جەمئىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان كۈرەشلەرنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك سەۋەبلىرىدىن بىرى دەپ قارىلىدۇ. چۈنكى ئىدېئولوگىيەلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى دۇنياغا ھۆكۈمران بولۇشنىڭ كويىدا. شۇنداقلا ئىدېئولوگىيە سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەنىۋىئەت توقۇنۇشلىرىنى كۈچەيتىدىغان ئامىللاردىن بىرى. ھەر بىر ئىدېئولوگىيە مۇئەييەن قىممەت قاراشنى ئاساس قىلىدۇ. شۇڭا بىر دۆلەت باشقا بىر تەرەپكە ئۇرۇش باشلاشنى قارار قىلغاندا، ئادەتتە قايسى قىممەت قاراشنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ ھەرىكەت قىلىش مەسىلىسىنى ئويلىشىدۇ. بەزىدە ئۇرۇش ئەركىنلىك نامىدا ئېلىپ بېرىلسا، بەزىدە ئىجتىمائىي ئادالەت، بەزىدە دىن نامىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئادەتتە ھەر قانداق ئىدېئولوگىيە ساھىبى ئىنسانلارنى ئۆز ئىدېئولوگىيەسى ئاستىغا يىغىلىشى كېرەك دەپ قارايدۇ ۋە شۇنداق ئېتىقادتا ھەرىكەت قىلىدۇ. مانا مۇشۇنداق كۆزقاراش ۋە ياشاش يولىدىكى

ئوخشماسلىقلار سىياسىي ھادىسىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىنىڭ تۈپ سەۋەبلىرىدىن بىرىدۇر.

**كۆپ خىللىق ھادىسىسى:**

ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجلىرى ھەر خىل بولىدۇ ۋە ئېھتىياجلارنىڭ خىلمۇخىللىقى كىشىلىك ھاياتتا ساقلانغىلى بولمايدىغان ئىشلاردىن بىرى. مەسىلەن، بىز بەزى دۆلەتلەرگە قارايدىغان بولساق، ئاھالىسى كۆپ، ئەمما بايلىق مەنبەسى كەمچىل. يەنە بەزى دۆلەتلەرنىڭ نوپۇسى ئاز، ئەمما بايلىق مەنبەسى مول. يەنە بەزى دۆلەتلەرنىڭ نوپۇسىمۇ كۆپ، بايلىق مەنبەسىمۇ مول، ئەمما ئۇلارنى يۆتكەيدىغان قاتناش ترانسپورتلىرى يېتەرلىك ئەمەس. بەزى دۆلەتلەرنىڭ بىلىمى بار، ئېنېرگىيە كۈچى يوق. يەنە بەزىلىرىنىڭ ئاشلىقى كەمچىل. ئادەتتە بىر دۆلەت پۇقرالىرىنىڭ يۇقىرىقىدەك ھەر خىل ئېھتىياجلىرىنى قامداشنى كاپالەتكە ئىگە قىلماقچى بولسا، ئۈچ خىل كۈچ قوللىنىدۇ (بۇ كۈچلەر ھەققىدە كېيىنكى بابلاردا توختىلىمىز) ۋە سىياسىي ھادىسىلەر دەل مۇشۇنىڭدىن شەكىللىنىدۇ.

**كەمچىللىك ھادىسىسى:**

بۇ يەردە كەمچىللىك ھادىسىسىدىن كۆزدە تۇتۇلغىنى ئىنسانلاردىكى تەبىئىي بايلىقلار، ئىنسانىيەت بايلىقلىرى، ماددىي بايلىقلار ۋە ئۇنىڭدىن باشقا تۈرلۈك بايلىقلارنىڭ كەمچىللىكى ۋە بار بولغان مەزكۇر بايلىقلارنىڭ ئىنسانلارنىڭ زۆرۈر بولغان ئاساسلىق ئېھتىياجلىرىنى ۋە باشقا قوشۇمچە ئېھتىياجلىرىنى قامداشقا يەتمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەيدىغان ئومۇمىي بىر ھېس ـ تۇيغۇدۇر. بۇ خىل تۇيغۇ شەخس، پارتىيە ۋە دۆلەت

ھەممەيلەننى ئۇيغا سالىدۇ.

دۇنيانىڭ بايلىق مەنبەلىرى يېڭىلانمايدىغان بايلىق مەنبەسى، يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان بايلىق مەنبەسى ۋە زاپاس بايلىق مەنبەلىرى دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.


دۇنيا ئېنېرگىيە مەنبەلىرىگە ئوخشاش تۈگەپ كېتىدىغان، قايتا يېڭىلانمايدىغان بايلىق مەنبەلىرىنى تالىشىپ چوڭ ئۇرۇشلارغا كىرىدۇ. ھەر قايسى دۆلەتلەر ئىستراتېگىيەلىك مول زاپاس بايلىق مەنبەلىرىنى تولۇقلاشقا كۈچەپ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ بايلىق مەنبەلىرىنى سەرپ قىلىش ئارقىلىق ئۆز بايلىق مەنبەلىرىنى تېجەپ قېلىشقا ئۇرۇنىدۇ.

يەنە شۇنىڭدەك زاپاس ئېنېرگىيەنى تولۇقلاش ۋە شۇنداق ئېنېرگىيەلەرگە ئېرىشتۈرىدىغان يەر ـ تېخنىكا مونوپوللۇقى تۈپەيلىدىن توقۇنۇشلار بولۇپ تۇرىدۇ. نېفىت ئۇرۇشلىرى، يادرو قوراللىرى ياساش ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ بۇنداق قوراللارغا ئىگە بولۇشىنى توسۇش قاتارلىق ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى يېڭىلانمايدىغان بايلىقلارنى دەپ چىقىدىغان توقۇنۇشلاردىن بىرىدۇر.

يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان بايلىق مەنبەلىرىگە كەلسەك، بۇلاردىن سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، سۇ مەنبەلىرىنى ۋە تەبىئەتنى ساپ ھاۋا بىلەن تەمىنلەيدىغان ئورمانلىقلارنى ئىگىلىۋېلىش، دۆلەتلەرنىڭ مەزكۇر بايلىقلاردىن پايدىلىنىشىنى قانۇنلاشتۇرۇش دېگەندەك مەسىلىلەردىمۇ توقۇنۇشلار يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. شۇنداقلا ماشىنا، زاۋۇت ۋە كارخانىلاردىن چىققان ئىس ـ تۈتەكلەر بىلەن مۇھىت بۇلغانغانلىقى تۈپەيلىدىن مۇھىت ئاسراش مەسىلىسىدىمۇ سۈركىلىشلەر پەيدا بولىدۇ.

چۈنكى مۇھىت بۇلغىمايدىغان ئېنېرگىيەنى ئىشلىتىش دېگەنلىك مەنبەلەردىكى مەزكۇر كەمچىللىك تۈپەيلىدىن ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىنىڭ ھەسسىلەپ ئېشىپ كېتىشى دېگەنلىكتۇر.

ئوخشىماسلىق، كۆپ خىللىق ۋە كەمچىللىك قاتارلىق ئامىللارنىڭ مەۋجۇتلۇقى شۇنى كۆرسىتىدۇكى، سىياسىي ھادىسە ئەڭ ئاددىي مەنىدە ـ ئىنسانلار ئارىسىدىكى دەتالاشلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش بولۇپ- ئىنسانلىقنىڭ قەتئىي ئايرىلماس خاراكتېرىدۇر.




2. شەكىل: سىياسىي ھادىسە كۆپ خىللىق، ئوخشىماسلىق ۋە كەمچىل بولۇشتىن ئىبارەت ئۈچ ئامىلدىن پەيدا بولىدۇ.

## ئىككىنچى قائىدە:

### مۇداپىئە تۈرلىرى

مۇداپىئە قائىدىسى سىياسىي ھادىسىلەرنى رەتكە سېلىش رولىنى ئوينايدۇ.

وَلَوْلَا دَفْعُ اللَّهِ النَّاسَ بَعْضَهُم بِبَعْضٍ لَّهُدِّمَتْ صَوَامِعُ وَبِيَعٌ وَصَلَوَاتٌ وَمَسَاجِدُ يُذْكَرُ فِيهَا اسْمُ اللَّهِ كَثِيرًا ۗ


ئەگەر ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ بىر قىسمىنى يەنە بىر قىسمى بىلەن مۇداپىئە قىلمىغان بولسا، راھىبلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى، چىركاۋلار، يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى ۋە ئاللاھنىڭ نامى كۆپ يادلىنىدىغان مەسجىدلەر ئەلۋەتتە ۋەيران قىلىناتتى.

(سۈرە ھەج، 40 ـ ئايەت)

## 2. قائىدە:

مۇداپىئە ئاساسلىق ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ:

- رىقابەت مۇداپىئەسى (سۈركىلىش).
- كۈرەش مۇداپىئەسى (توقۇنۇش).




3.شەكىل: مۇداپىئە تۈرى

(رىقابەت تۈسىدىكى مۇداپىئە ۋە ھايات ـ ماماتلىق مۇداپىئە)

**بۇ يەردە مۇداپىئەنىڭ ئىككى ئاساسىي شەكلى بار:**

**1. رىقابەت كۈرىشى (سىياسىي كۈرەش)**

رىقابەتلەشكەن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇداپىئە كۈرىشىنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى ئىككىلا تەرەپنىڭ مەلۇم مەنپەئەتكە (Win_Win situantion) ئېرىشىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. يەنى، ھەر ئىككى تەرەپ مەلۇم دەرىجىدە ئۆزى رازى بولىدىغان نەتىجىگە ئېرىشىدۇ. بۇ تۈردىكى مۇداپىئە كۈرىشىنى رىقابەت دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

**2. ھايات – ماماتلىق كۈرەش (مەۋجۇتلۇق توقۇنۇشى - نۆل يىغىندىلىق ئويۇن):**

ھايات ـ ماماتلىق كۈرىشىنى ئىنگلىزچە: Zero_sum Game (نۆل يىغىندىلىق ئويۇن) دەپ ئىپادىلەشكىمۇ بولىدۇ.

بۇ خىل توقۇنۇشتا مەيداندىكى ھەر ئىككى تەرەپ يەنە بىر تەرەپنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قەتئىي قوبۇل قىلمايدۇ، ئەكسىچە ئۇنى ئۈزۈل ـ كېسىل يوقىتىپ، مەيداننى ئاخىردا ئۆزى يالغۇز ئىگىلەشنى نىشان قىلىدۇ. توقۇنۇش مەيداندا مەغلۇپ بولۇپ زىيان تارتقان ئىككىنچى تەرەپ جەڭ مەيدانىدىن ئىرادىسى سۇنغان ھالدا چېكىنىپ چىقىدۇ ياكى يەنە بىر قېتىملىق ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشقا بەل باغلايدۇ.

ئىنگلىز ئىمپېراتورلۇقى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن مەيدانغا چىققان ئامېرىكا ئىمپېراتورلۇقى ئارىسىدىكى تارىخىي كۈرەش رىقابەت خاراكتېردىكى مۇداپىئە ئۈچۈن مىسال بولالايدۇ. ئىنگلىز ئىمپېراتورلۇقى پۈتۈن دۇنيادىكى ئىنگلىزلارنىڭ مەنپەئەتىنى

قوغداش ۋە خەلقئارالىق مەنپەئەت تەقسىماتىدا ئۆزىنىڭ تۈنجى ھەقدارلىق ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش بەدىلىگە ئۆزىنىڭ ئىمپېراتورلۇق ئورنىنى مەخپىي كېلىشىم ئارقىلىق ئامېرىكىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى ۋە شۇنىڭدىن تارتىپ ئەنگلىيە ئامېرىكىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئىتتىپاقدىشى بولۇپ كەلدى.

يەمەنىنىڭ بىرلىككە كېلىشتىن بۇرۇنقى جەنۇبىي يەمەن بىلەن شىمالىي يەمەن ئارىسىدىكى كۈرەشنى ھايات ـ ماماتلىق كۈرىشىگە مىسال قىلىشقا بولىدۇ. بۇ كۈرەشتە بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپكە تولۇق يول بېرىپ، يەنە بىر تەرەپكە بىر گەۋدە سۈپىتىدە قوشۇلۇپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ كۈرەشتە جەنۇبىي يەمەن دۆلىتى تەلتۆكۈس يوقىلىپ، يەمەن بىرلىككە كەلگەن. بۇ بىرلىككە كېلىش فېدېراتسىيە شەكلىدە ياكى كونفېدېراتسىيە شەكلىدە بولماستىن، بەلكى قوشۇلۇپ كېتىش يەنى بىر تەرەپنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا پۈتۈنلەي خاتىمە بېرىش ئارقىلىق ئىشقا ئاشقان.

ھەممىلا كۈرەشتە بىر تەرەپنىڭ تولۇق يوقىلىشى مۇقەررەر ئەمەس، بەلكى توقۇنۇشنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەب بولغان نىشاندىن ۋاز كېچىپ، دۆلەت ياكى پارتىيە ۋە تەشكىلاتلار ساقلىنىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. ياپونىيەنى ئالساق، ياپونلار ئاتوم بومبىسىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن ھەربىي مۇستەملىكە مەقسىتىدىن ۋاز كېچىپ، دۆلىتىنى ساقلاپ قالدى. ياپونىيە ئىلگىرى ئاكتىپ ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن خىتاي دۆلىتىنى ئىستېلا قىلىش ئۇرۇشى قوزغىغان ئىدى.

ھايات ـ ماماتلىق كۈرىشىنى «يوقىلىش كۈرىشى» دېيىشكىمۇ بولىدۇ. چۈنكى ناۋادا ئىككى تەرەپنىڭ بىرى زىيان

تارتسا، ئۇنىڭ بىلەن قوشۇلۇپ ھەممەيلەننىڭ زىيان تارتىشى مۇقەررەردۇر. بۇ «شەمشۇن[1] ئىستراتېگىيەسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن ئىستراتېگىيەلىك يادرو قورالى پەقەت تەلتۆكۈس يوقىتىلىش تەھدىتىگە دۇچ كەلگەندە پەقەت بىر قېتىم ئىشلىتىش ئۈچۈنلا ياساپ چىقىلغان. شۇڭا يادرو قورالىغا ئىگە دۆلەت پۈتۈنلەي يوقىتىلىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن چاغدا ئۆزى بىلەن قوشۇپ دۈشمىنىنىمۇ يوقىتىش ئۈچۈن يادرو قورالىنى ئىشقا سېلىشنى ئويلىشىدۇ.

يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، مۇداپىئە مەسىلىلىرىنى رىقابەت خاراكتېرلىك ۋە توقۇنۇش خاراكتېرلىك دەپ ئىككىگە ئايرىش مۇمكىن. رىقابەت خاراكتېردىكى مەسىلىلەردە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ مەلۇم دەرىجىدە مەقسىتىگە يېتىش ئېھتىماللىق بار. ناۋادا ئىككى تەرەپنىڭ بىرى ئىككىنچى بىر تەرەپنى يوقىتىپ، سىياسەت مەيداندىن چىقىرىۋېتىشكە ھەرىكەت قىلسىلا، بۇ چاغدا بۇ كۈرەش توقۇنۇش كۈرىشىگە ئايلىنىدۇ.

## سىياسىي مۇداپىئەنىڭ خاراكتېرىنى كىم بەلگىلەيدۇ؟

بۇ نۇقتىدا دەماللىققا كاللىغا: سىياسىي مۇداپىئەنىڭ خاراكتېرىنى كىم بەلگىلەيدۇ؟ ئىككى تەرەپنىڭ بىرى رىقابەتنى مەقسەت قىلسا، يەنە بىرى ئۇنى ھايات ـ ماماتلىق توقۇنۇشقا ئايلاندۇرماقچى بولسا، نېمە ئىش يۈز بېرىدۇ؟ دېگەن سوئال كېلىدۇ.

مۇداپىئەنىڭ خاراكتېرى مۇنداق ئىككى ئامىلغا ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ:

---


[1] يەھۇدىي رىۋايەتلىرىدىكى بىر شەخس.

## 1. تەرەپلەرنىڭ كۆزقاراشلىرى:

كۆرەش ئادەتتە ئىككى ياكى كۆپ تەرەپ ئارىسىدا مەلۇم مەسىلە ھەققىدە بولىدۇ. نەتىجىدە بىرەر مەسىلە ئۈستىدە توقۇنۇشۇپ قالغان ھەر قايسى تەرەپنىڭ ئۆزىگە خاس ئېتىقاد، تەسەۋۋۇر، نىشان، پايدا - مەنپەئەت ۋە بەلگىلىك سىياسەتلىرى بولۇپ، بۇ ئامىللار كۆرەشنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەشتە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

## 2. تەرەپلەرنىڭ كۈچى:

توقۇنۇشقان تەرەپلەرنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسى تەڭپۇڭ بولسا، كۆرەشنىڭ خاراكتېرى ھەر قايسى تەرەپنىڭ مەسىلىگە قانداق قارىشى ۋە تۇتقان پوزىتسىيەسىگە ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ. ناۋادا تەرەپلەردىن بىرى كۈچلۈك بولسا، كۆرەشنىڭ خاراكتېرىنى كۈچلۈك بولغان تەرەپنىڭ پوزىتسىيەسى بەلگىلەيدۇ.




4. شەكىل

ئالايلۇق، گاھىدا توقۇنۇشقان تەرەپلەردىن بىرى رەقىبى بىلەن ئارىسىدىكى كۈرەشنى رىقابەت كۈرىشى دەپ قارىشى مۇمكىن. ئەمما قارشى تەرەپ ئۇنى ھايات ـ ماماتلىق توقۇنۇش دەپ قارىسا، بۇ چاغدا توقۇنۇشنىڭ خاراكتېرى قانداق بەلگىلىنىدۇ؟

شەكسىزكى، كۈرەشنىڭ خاراكتېرى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى ئامىلغا ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ. كۈچلۈك تەرەپنىڭ كۈرەشكە تۇتقان پوزىتسىيەسى كۈرەشنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدۇ. ناۋادا كۈچلۈك تەرەپ كۈرەشنى رىقابەت خاراكتېرلىك دەپ قارىسا، بۇ چاغدا ئىككى تەرەپ ئارىسىدىكى كۈرەش رىقابەت كۈرىشىگە ئايلىنىدۇ. ناۋادا ئۇ كۈرەشنى ھايات ـ ماماتلىق كۈرىشى دەپ قارىسا، ئۇ چاغدا بۇ كۈرەش ھايات ـ ماماتلىق كۈرىشىگە ئايلىنىدۇ. كۈرەشنىڭ خاراكتېرى ھەۋەس ۋە ئارزۇ ـ ئارمانلارغا ئاساسەن ئەمەس، بەلكى رېئاللىقتىكى سىياسىي نەتىجە ۋە تەرەپلەرنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. دېمەك، ئۇ ھەر قايسى تەرەپلەر ئارىسىدىكى ئورتاق قاراردۇر. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، سىياسىي كۈرەشكە «مەشھۇر ئويۇنلار» نەزەرىيەسىنىڭ رامكىسى ئىچىدە تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىشقا بولىدۇ.

## ئۈچىنچى قائىدە:

## سىياسەتنىڭ نېگىزى (جېنى)

## قىممەت ۋە بايلىقلارنىڭ قانۇنىي تەقسىماتى

### 3. قائىدە:

سىياسەتنىڭ نېگىزى كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە ئۇنىڭ تەرەپلەر ئارىسىدا تەقسىملىنىشى، ھوقۇقنى قولغا ئېلىش ۋە ئۇنى ساقلاپ قېلىش، كۈچ ۋە ھوقۇقنى تەڭ ھىمايە قىلغۇدەك نوپۇزى بولۇشتۇر.

سىياسەت ئىنسان ھاياتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولغان ئوخشىماسلىق، كۆپ خىللىق ۋە كەمچىل بولۇشتىن ئىبارەت ئۈچ ئامىلدىن كېلىپ چىقىدىغان مۇداپىئە ھادىسىسىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ھازىرغىچە سىياسەتكە نۇرغۇن ئېنىقلىمىلار بېرىلگەن. بىز تۆۋەندە مەزكۇر ئېنىقلىمىلار ئىچىدە ئەڭ مۇھىم دەپ قارىغانلىرىمىز ئۈستىدە توختىلىمىز:

1 ـ كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە ئۇنى تەرەپلەر ئارىسىدا تەقسىملەش سەنئىتى.

2 ـ دۆلەت ئىدارە قىلىش سەنئىتى.

3 ـ شارائىتنى دەڭسەش سەنئىتى.

4 ـ مادارا قىلىش سەنئىتى.

**بىرىنچى، كۈچ - قۇۋۋەت ۋە ئۇنى تەرەپلەر ئارىسىدا تەقسىملەش  سەنئىتى:**

ئادەتتە توقۇنۇش (ياكى ھەرخىل نىزالار) كۈچ ـ قۇۋۋەتتە پەرقلىق بولغان تەرەپلەر ئارىسىدا يۈز بېرىدۇ. قابىل سىياسىيونىلارنىڭ تالانتى پەرقلىق كۈچلەرنىڭ بەزىسىنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇش، يەنە بەزىسىنى بىتەرەپ مەيداندا تۇرغۇزۇلىشىدا نامايان بولىدۇ.

**ئىككىنچى، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش سەنئىتى:**

دۆلەتنى ئىدارە قىلىش سەنئىتى دۆلەت ئىگە بولغان كۈچ، نوپۇز ۋە سالاھىيەتنى دۆلەت ئاپپاراتلىرى ۋە تەشكىلاتلار ئارىسىدا تەقسىملەش ۋە ئۇنى ئىدارە قىلىش ماھارىتىنى كۆرسىتىدۇ. كۈچ تەقسىملىگۈچى بەزىدە دۆلەت رەئىسىگە ئوخشاش دۆلەتنىڭ ئىچىدىن بولسا، بەزىدە دۇنيا بانكىسىغا ئوخشاش ھەر خىل ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى تاڭىدىغان دۆلەت سىرتىدىن بولىدۇ. بۇ ئىنىقلىما ئىلگىرىكى ئىنىقلىمىنىڭ بىر قىسمى ياكى ئۇنىڭ دۆلەتكە تەتبىقلىنىشى ھېسابلىنىدۇ.

**مىسال:**

مەلۇم بىر دۆلەت سىرتقى تەھدىتكە دۇچ كەلگەندە ياكى ئىچكى قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەندە تەھدىتكە تاقابىل تۇرۇش ياكى خەتەرلىك ۋەزىيەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەربىي ۋە ساقچى ئورگانلىرىغا ئالاھىدە ھوقۇق بېرىش ئارقىلىق دۆلەت ئىچىدىكى كۈچ تەقسىماتىنى قايتا تەڭشەيدۇ. بەزى دۆلەتلەرنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان تەھدىتكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن تېررورلۇق ۋە جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرىدىغان ئالاھىدە

سىياسەتلەرنى يولغا قويۇشى ۋە جىددىي ھالەت ئىلان قىلىشى بۇنىڭ ئەڭ يارقىن ئىپادىلىرىدىن بىرىدۇر.

**ئۈچىنچى، شارائىتنى دەڭسەش سەنئىتى:**

سىياسىي پائالىيەتچى شەخس بولسۇن، دۆلەت بولسۇن ياكى سىياسىي پارتىيە بولسۇن، ئىدېئاللىقتا تايىنىپ ياكى ئارزۇ - ئارمان بىلەن سىياسەت يۈرگۈزمەيدۇ، بەلكى يۈز بەرگەن رېئال مەسىلىلەرگە قارىتا قولىدىكى ئىمكانىيەتكە ئاساسەن ھەرىكەت قىلىدۇ. يەنى، سىياسىيون ئىشلارنى پۈتۈن ئىمكانىيەتلىرىنى ئىشقا سېلىپ ياكى قولىدىغان كېلىشىچە ئۇسۇللارنى ئۆزگەرتىپ ياكى قارشى تەرەپكە قوللىنىشقا بولىدىغان كۈچ كوزىرلىرىنى ئىشقا سېلىپ ھەرىكەت قىلىدۇ.

**تۆتىنچى، مادارا قىلىش سەنئىتى:**

بەزىدە ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسى تەڭلىشىپ قالغانلىقتىن زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلارنى كېسىپ بىر تەرەپ قىلغىلى بولماي قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەر قايسى تەرەپ مەقسىتىگە تولۇق يېتەلمەيدىغان بولغاچقا، مەسىلىنى توقۇنۇشۇۋاتقان تەرەپلەرنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسى ئاساسىدا سۈلھى بىلەن ھەل قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. نەتىجىدە ئەڭ ئاز بەدەل تۆلەپ، تېخىمۇ كۆپ مەنپەئەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن سودىلىشىش ۋە كېلىشىم تۈزۈشۈش يولىنى تاللايدۇ.

**مىسال:**

مەككە پەتھى قىلىنىشتىن ئىلگىرى مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار ئارىسىدا تۈزۈلگەن ھۇدەيبىيە كېلىشىمگە قارايدىغان بولساق، ئىككى تەرەپنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسى تەڭپۇڭ بولغانلىقى

تۆپەيلىدىن ھېچقايسى تەرەپ مەقسىتىگە تولۇق يېتەلمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ ئۆزئارا كۈچ سېلىشتۇرمىسىدىكى پەرققە ئاساسەن مادارا قىلىشىپ، كېلىشىم تۈزۈشكەن[2].

بۇنىڭغا ئاساسەن، سىياسەتنى زىددىيەت ياكى توقۇنۇشنىڭ يارقىن ئىپادىسى دېسەك (يەنى، توقۇنۇش بولمىسا سىياسەت بولمايدۇ)، كۈچ - قۇۋۋەت توقۇنۇشنى تۈگىتىشكە يارايدىغان سىياسىي قورالدۇر. مۇنداقچە ئېيتقاندا توقۇنۇش سىياسەتنى بارلىققا كەلتۈرسە، كۈچ - قۇۋۋەت سىياسەتنىڭ يۈرىكى ھېسابلىنىدۇ. سىياسەتكە قايتىدىن ئېنىقلىما بېرىپ، «توقۇنۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن تەرەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈچ تەڭپۇڭسىزلىقىدىن پايدىلىنىش» دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

يۇقىرىدىكى پۈتۈن ئېنىقلىمىلارنىڭ كۈچ - قۇۋۋەتكە مەركەزلەشكەنلىكىنى بايقايمىز. دېمەك، ئىمكانىيەت بار دېيىلسە، ئەمەلىي كۈچكە ئاساسەن بولىدۇ. مادارا قىلىش ئۈچۈنمۇ كۈچ بولۇشى كېرەك. ئومۇمنىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىش دۆلەتتىكى كۈچنى تەقسىملەش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

سىياسەتشۇناسلىق ھەر قانداق سىياسىي تۈزۈلمە ھەققىدىكى تۆۋەندىكىدەك سوئاللارغا جاۋاب تېپىش ئۈچۈن تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ:

[2] رەسۇلۇللاھ ۋە مۇشرىكلار ئارىسىدىكى ئېتىبار بېرىش مەسىلىسى: مۇشرىكلارنىڭ مەقسىتى مۇسۇلمانلارنى كەبىنى تەۋاپ قىلىشتىن توسۇش ئىدى. شۇڭا كەبىنى تاۋاپ قىلىشقا بولىدىغان ۋاقىت توغرىسىدا كېلىشىم قىلىشنى پىلانلىدى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ يىل چېكىنىپ، كېلەر يىلى تاۋاپ قىلىشىغا يول قويىدى. بۇنىڭ بەدىلىگە مۇسۇلمانلارنى كۈچ سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلدى. مۇسۇلمانلار تاۋاپ ۋاقتىنى بىر يىل كېچىكتۈرۈش ۋە مەككىدىن كەلگەن مۇسۇلمانلارنى ھىمايە قىلماسلىق بەدىلىگە كەلگۈسىدىكى ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىدىغان ۋاقىت، ئىتتىپاقداشلىق دائىرىسىنى كېڭەيتىش ۋە توقۇنۇشنى كەسكىن بىر تەرەپ قىلىدىغان مۇناسىپ ۋاقىت كۈتۈش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى.

1. كۆچ - قۇۋۋەت (ھوقۇق) نەدە؟

2. قانداق تەشكىللىنىدۇ ۋە تەقسىملىنىدۇ؟

3. قانداق شەرتلەر ئاستىدا ھەرىكەت قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ قانۇنىيلىقى نەدىن كېلىدۇ؟ قانداق ئەھۋالدا چەكلىنىپ، كونترول قىلىنىدۇ؟

شۇڭلاشقا بىز سىياسەتكە «كۆچ - قۇۋۋەت (ھوقۇق) ۋە ئۇنى تەرەپلەر ئارىسىدا جايىدا تەقسىملەش» دەپ ئېنىقلىما بەردۇق.

لازۋېل سىياسەت ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «بىز سىياسەتشۇناسلىق ھەققىدە گەپ ئاچساقلا پەقەت كۆچ - قۇۋۋەت (ھوقۇق) ۋە قۇدرەت ھەققىدىلا توختالغان بولىمىز». بىز بۇ يەردە كۆزدە تۇتقان كۆچ - قۇۋۋەت «ئا» تەرەپنىڭ «ب» تەرەپنى بويسۇندۇرۇش قۇدرىتىدۇر. شۇ ۋەجىدىن قارشى تەرەپنى بويسۇندۇرالمىغان كۆچ پەقەت گۇمانىي كۆچتۇر. بۇنى باشقىچە ئىپادىلىسەك، كۆچ - قۇۋۋەت مەلۇم بىر تەرەپ ئاچچىقى كەلگەندە قىلالايدىغان ئىشتۇر[3].

**مىسال:**

ھۆكۈمەت دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مۇقىملىقى تەھدىتكە ئۇچرىغاندا دۆلەتنىڭ كېلەچىكى توغرىسىدا ئۆكتىچى كۆچلەر بىلەن سۆھبەتلىشىدۇ. ئۇنىڭدىن بۇرۇن ھۆكۈمەت جىددىي ھالەت ئېلان قىلىپ، ئارمىيەگە ئالاھىدە ھوقۇق بەرگەن بولۇپ، ھوقۇق دۆلەت رەئىسىنىڭ قولىغا مىسلىسىز دەرىجىدە

[3] سىياسىي پائالىيەتچى كۆچ – قۇۋۋەت دېگەن ئاتالغۇنىڭ مەنىسىنى ياخشى بىلىشى كېرەك. ئۇ تەدبىقىي ئىلمىدىكى ئېنىرگىيە دېگەن سۆز بىلەن باراۋەر. سىياسىي پائالىيەتچى كۆچ – قۇۋۋەت ھەققىدىكى مەلۇماتنى ئاشۇرۇشى كېرەك.

مەركەزلىشىدۇ. ھۆكۈمەت دۆلەت سىرتى ۋە ئىچىدىكى ئۆكتىچى پارتىيەلەر، قەبىلە كۈچلىرى ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي كۈچلەر بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، دۆلەت دۇچ كەلگەن ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ھەر قايسى تەرەپلەرنى ماسلاشتۇرۇش خىزمىتى ئىشلەيدۇ. بەزىدە دۆلەتنىڭ ۋەزىيىتى شۇنچىۋالا جىددىي ئەھۋالغا دۇچ كېلىدۇكى، بۇنداق ئەھۋالدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئىنتايىن زۆرۈر مەسىلىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ ئىش پاراۋانلىق ۋە تەرەققىيات مەسىلىسىدىن ھالقىپ، دۆلەتنىڭ كەلگۈسىگە بېرىپ تاقالغانلىقى ئۈچۈن كوچىدىكى ئاددىي پۇقرادىن تارتىپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارغىچە مۇشۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلايدۇ.

يۇقىرىقىدەك ۋەزىيەتتىن شۇ ئايان بولىدۇكى، دۆلەت ۋە خەلقكە تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغان بىرەر كرىزىس يۈز بەرگەندە دۆلەتتە ھوقۇق يۈرگۈزگۈچى كۈچ بولغان ھۆكۈمەت بەزى پەۋقۇلئاددە قارارلارنى چىقىرىدۇ:

1. ئۆكتىچى كۈچلەر بىلەن سۆھبەتلىشىش.

2. جىددىي ھالەت ئېلان قىلىش.

3. ئارمىيە ۋە بىخەتەرلىك تارماقلىرىغا يۈكسەك سالاھىيەت بېرىش.

4 . مۇھىم ھوقۇقلارنىڭ رەئىسنىڭ قولىغا مەركەزلىشىشى.

5 . ئىجتىمائىي كۈچلەر بىلەن ئالاقە ئورنىتىش.

يۇقىرىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتنى، سىياسەتكە بىرىلگەن ئىنقىلابلارغا ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك تەھلىل قىلىش مۇمكىن.

## ● دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ماھارىتى:

بۇ نۇقتىدا ھۆكۈمەت يېڭى ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئىستراتېگىيەسىنى ئۆزگەرتىپ، ھوقۇقنى قايتا تەقسىملەيدۇ. ئارمىيە، دۆلەت رەئىسى ۋە ئۆكتىچى كۈچلەرنىڭ ھوقۇقلىرى قايتىدىن تەڭشىلىدۇ. ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ سالاھىيىتىگىمۇ تېگىشلىك ئۆزگەرتىشلەر كىرگۈزۈلىدۇ. مەسىلەن، جىددىي ھالەت ئېلان قىلىنىشى كىرىزىسقا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىچىدە ھوقۇقنى قايتا تەقسىملەشتىن دېرەك بېرىدۇ. شۇنداقلا رەئىس ۋە ئارمىيەگە ئالاھىدە سالاھىيەت بېرىلىش ئارقىلىق پۈتۈن ھوقۇق مۇشۇ ئىككى مۇئەسسەسەگە مەركەزلىشىدۇ. نەتىجىدە ھۆكۈمەت دۇچ كەلگەن ۋەزىيەتكە قارىتا كۈچ ۋە ھوقۇقنى ھەر قايسى تەرەپ ئارىسىدا قايتا تەقسىملىگەن بولىدۇ.

بۇ قارار چىقارغۇچىنىڭ ماھارىتىگە ھەمدە زامان، ماكان ۋە شارائىتنىڭ تەقەززاسىغا ئاساسەن ۋەزىيەتنى مۆلچەرلىشىگە مۇناسىۋەتلىك نىسپىي ئىش بولغاچقا، ھەر قانداق ئەھۋالغا ماس كېلىۋەرمەيدۇ. بۇ نۇقتىدىن بىز سىياسەت دېگەن: «دۆلەت ئىدارە قىلىش سەنئىتى» دېگەن ئېنىقلىمىسىنى چۈشىنىۋالالايمىز. بۇ يەردىكى ئىدارە قىلىشنى باشقۇرۇش ۋە كونترول قىلىش دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

مەسىلەن، 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ ئىلگىرىكى دېموكراتىك تۈزۈمدە بارلىققا كەلگەن ئۆزگىرىشلەرنى بۇنىڭ جانلىق ئۆرنىكى سۈپىتىدە مىسال قىلىشقا بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا رەئىسكە بەزى ھوقۇقلار قوشۇپ بېرىلىپ، بەزى

هوقۇقلىرى تارايتىلغان. كېڭەش پالاتاسى ۋە ئاۋام پالاتانىڭ بەزى هوقۇقلىرى تارايتىلىپ، دۆلەت بىخەتەرلىك ئورۇنلىرىغا بەزى هوقۇقلار قوشۇپ بېرىلگەن. نەتىجىدە يېڭى ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىچىدىكى هوقۇق تەقسىماتى قايتا تەڭشەلگەن. ۋەزىيەت تۇراقلاشقاندا هوقۇق تەقسىماتىنىڭ يەنە قايتا تەڭشىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا سىياسىي پائالىيەت هوقۇقنى قايتا تەقسىملەش ئارقىلىق دۆلەت باشقۇرۇش سەنئىتىدىن ئىبارەتتۇر.

**● كۈچ (هوقۇق) ۋە ئۇنى تەرەپلەر ئارىسىدا تەقسىملەش ماهارىتى:**



دۆلەت ئىدارە قىلىش سەنئىتى هەققىدە دېيىلگەنلەر مۇشۇ يەرگىمۇ ماس كېلىدۇ. لېكىن بۇ يەردە كۈچ (هوقۇق) كە ئىككى نۇقتىدىن قاراشقا توغرا كېلىدۇ: بىرىنچى، قانۇن ياكى هاكىمىيەت نۇقتىسىدىن، ئىككىنچى، مەنىۋىيەت ياكى نوپۇز نۇقتىسىدىن. سىياسەتچى بۇ ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى لازىم. هاكىمىيەت قانۇن رامكىسى ئىچىدە ئېرىشكەن هوقۇق بولۇپ، قانۇن خەلقنىڭ ئاۋاز قوشۇشى بىلەن ئۇنىڭغا مەجبۇرلاش هوقۇقى بەرگەن. بۇنىڭغا ئاساسەن، جەمئىيەت هاكىمىيەتنىڭ قارارىنى هۆرمەتلىشى، هاكىمىيەتكە قارشى ئىنكاس بولسا قانۇن بەلگىلىگەن پىرىنسىپقا ئۇيغۇن شەكىلدە ئىپادىلىشى لازىم. بۇنداق جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

نوپۇزىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كەلسەك، ئۇنى قانۇنىي رامكا ئىچىگە كىرگۈزگىلى بولمايدۇ، بەلكى نوپۇز دىنىي ئەربابلاردىكىگە ئوخشاش ئەخلاقىي كۈچىنىڭ ياكى ھەقىقىي ماددىي كۈچىنىڭ ياكى گۇمانىي كۈچىنىڭ نەتىجىسىدە ئاكتىپچانلىققا ئىگە بولىدۇ. شۇڭا نوپۇزلۇق تەرەپ قانۇنىنىڭ كۈچىنى ئىشقا سالماي تۇرۇپلا يەنە بىر تەرەپنى ئۆزىنىڭ تەلەپلىرىگە بويسۇندۇرالايدۇ. بۇنىڭ مىسالى، خەلقئارالىق شىركەتلەر ۋە سودىگەرلەر بولۇپ، دۆلەت ئىقتىسادىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى ئورۇندايدۇ.

ئەمدىكى نۆۋەت كۈچنى دەگىسەش ۋە ئۇنىڭ ئومۇمىي كۆلىمىنى مۆلچەرلەشكە كېلىدۇ. (سىياسىي) ئويۇنغا قاتناشقۇچىلار ئۆزلىرى پايدىلىنىدىغان كۈچنى دەگىسىيەلمىگەندە سىياسەتشۇناسلىق كۆپ ھاللاردا ئىلمىي قائىدىلەر بويىچە مۆلچەرلەشتىن دەتتىكامغا ئاتىدىغان قىمارغا بەكرەك ئوخشاپ قالىدۇ.

## ● مادارا قىلىش سەنئىتى ياكى ئۆزئارا بىر بىرىگە يول قويۇش سەنئىتى

توقۇنۇشۇۋاتقان تەرەپلەر مەيلى ھۆكۈمەت ياكى ئۆكتىچىلەر بولسۇن، كۈچ سېلىشتۇرمىسى تەڭلىشىپ قالغاندا مەسىلىنى كەسكىن بىر تەرەپ قىلالمايدۇ. نەتىجىدە ئۇلار ئىلكىدىكى كۈچكە قارىتا بىر - بىرىگە مەلۇم دەرىجىدە يول قويغان ئاساستا كېلىشىشكە مەجبۇر بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ ھۆكۈمەت خىلمۇخىل كۈچلەرنىڭ بىر قىسمىنىڭ قوللىشىنى قولغا

كەلتۈرۈش، يەنە بىر قىسمىنى بىتەرەپ مەيداندا تۇرغۇزۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سۆھبەت كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئۆكتىچىلەرنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن تۈرلۈك ئىجتىمائىي كۈچلەر بىلەن ئالاقە ئورنىتىشقا باشلايدۇ.

ئامېرىكا بىلەن ئىراننىڭ ئىراقتىكى توقۇنۇشى بۇنىڭ جانلىق مىسالى بولالايدۇ. قارايدىغان بولساق، ئامېرىكا دەسلەپتە رايوندىكى مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە تايىنىپ ئىران ۋە باشقا ئامېرىكىغا قارشى كۈچلەر بىلەن بىر ئۈستەلگە كېلىشنى كەسكىن رەت قىلغان ئىدى. لېكىن كېيىن ئۆزىگە قارشى كۈچلەرگە يەرلىك ئويۇنچى، ئىرانغا ئىستراتېگىيەلىك ئويۇنچى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن ۋەزىيەت كېلىشىم تۈزۈشكە يۈزلەندى. دەسلەپدە تار دائىرىدە سۆھبەتلەشكەن بولسا، كېيىن سۆھبەتنىڭ دائىرىسى بارغانچە كېڭىيىپ، بەزىدە ئىككى تەرەپ بىۋاستە سۆھبەتلەشسە، بەزىدە باشقىلارنىڭ كېلىشتۈرۈشى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزىدىغان بولدى. دېمەك، بۇ نۇقتىدىكى ئاساسىي مەسىلە سۈركىلىشنى پەسەيتىش ئۈچۈن قارشى تەرەپكە مەلۇم دەرىجىدە يول قويۇشتۇر.



## ● مۇمكىنچىلىك ماھارىتى

توقۇنۇشقۇۋاتقان ئىككى تەرەپ رېئال ۋەزىيەتكە ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ياكى ئىدېئاللىرى بويىچە مۇئامىلە قىلمايدۇ. بەلكى كۈچ ـ قۇۋۋىتى ۋە ئەمەلىي شارائىتىغا قاراپ مۇئامىلە قىلىدۇ. ئادەتتە ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز كۈچىدىن ئەڭ ئۈنۈملۈك شەكىلدە

پايدىلىنىپ، مۇمكىنقەدەر كۆپ پايدىغا ئېرىششكە تىرىشىدۇ. ئەمەلىي شارائىتنى دەڭسەش سەنئىتى سىياسەت ھەققىدىكى يۇقىرىقى ئېنىقلىمىلارغا قوشۇلغاندا سىياسىيونىنىڭ مەسىلە بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى ئىدېئولوگىيە پائالىيەتچىسىدىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى سىياسىيون ئادەتتە ئۆزىنىڭ ئەمەلىي كۈچى ۋە ئىمكانىيەت دائىرىسى ئىچىدە ھەرىكەت قىلىدۇ. ئىدېئولوگىيەچى بولسا كۆپ ھاللاردا رېئاللىقتىن ھالقىپ كېتىدۇ. گىتلېرغا قارىساق، نېمىسلارنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن رېئال شارائىتىدىن ھالقىپ ھەرىكەت قىلدى ۋە ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىمۇ ھالاك بولدى، ئارزۇ - ئارمىنىمۇ كۆپۈككە ئايلاندى.

# تۆتىنچى قائىدە:

## سىياسىي پائالىيەت ۋاستىلىرى

قاتتىق كۈچ _ Hard_Power


يۇمشاق كۈچ _ Soft Power

ئەگەر مەن بىلەن كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا بىر تال قىل چاغلىق مۇناسىۋەت بىغى قالسىمۇ، ئۇنى ئۈزۈۋەتمەيمەن. كىشىلەر ئۇنى بەك چىڭىتىۋەتسە، سەل بوشىتىپ قويىمەن. بەك بوشىتىۋەتسە، ئازراق چىڭىتىپ قويىمەن.

__ مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان

## 4. قائىدە:

سىياسىي ھەرىكەتنىڭ لوگىكىلىق قانۇنىيىتى يۇمشاق كۈچ بىلەن قاتتىق كۈچنى بىرلەشتۈرۈشتە ئىپادىلىنىدۇ.




5. شەكىل - سىياسىي ھەرىكەتنىڭ ۋاسىتىلىرى

**سىياسىي ھەرىكەتنىڭ ۋاسىتىلىرى:**

**يۇمشاق كۈچ:**

كىشىلەرنىڭ ئەقلىنى ۋە قەلبىنى ئۇتۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. دىپلوماتىيە، ئاخباراتچىلىق (مېدىيا)، سىياسىي تەشۋىقات، بىۋاسىتە ۋە ۋاسىتىلىك ئالاقە قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يۇمشاق كۈچ دائىرىسىگە كىرىدۇ.

**قاتتىق كۈچ:**

دۆشمەننى بويسۇندۇرۇپ، ئىرادىسىنى سۇندۇرۇشنى نىشان قىلىدۇ. پۇل - مال، ھوقۇق، ياردەم ۋە تۈرلۈك تەمناتلار قاتتىق كۈچ دائىرىسىگە كىرىدۇ.

شۇنداقلا تۆرلۈك ئىقتىسادىي ئىمبارگو، ھەربىي، ساقچى ۋە باشقا كۈچلەرنى ئىشلىتىشمۇ قاتتىق كۈچ دائىرىسىگە كىرىدۇ.

شۇڭلاشقا سىياسەت ھەققىدە توختالغان ئىكەنمىز، تۆۋەندىكى ئىشلار ھەققىدىمۇ توختىلىپ ئۆتىشىمىز لازىم:

1. ئەمەلىي كۈچۈم قانچىلىك؟

2. نىشانىم نېمە؟

3. قارشى تەرەپنىڭ ئەمەلىي كۈچى قانچىلىك؟

4. ئۇنىڭ نىشانى نېمە؟

سىياسىي ھەرىكەت مانا مۇشۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ .

**مىسال: كۈچ دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق تەقسىملىنىدۇ؟**



مەلۇم بىر دۆلەت ئۇزۇن مەزگىل دىكتاتۇر تۈزۈم يولغا قويۇش ئارقىلىق ھاكىمىيىتىنى پۇختىلىغاندىن كېيىن ھوقۇق پۈتۈنلەي ئىنقىلابىي كومىتېتقا مەركەزلىشىپ، پارلامېنتىنىڭ ۋە يەرلىكنىڭ ھوقۇقى ئاجىزلىشىپ كەتكەن. بۇ ھاكىمىيەت بىر قاتار سىياسىي ئىجرائاتلاردىن كېيىن ئىلگىرىكى مەۋجۇت پارلامېنت تۈزۈمگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، دۆلەتتىكى چوڭ سودىگەرلەرنىڭ مال مۈلكىنى مۇسادىرە قىلغان. ئاساسىي قانۇننى ئۆزگەرتىپ، ھوقۇقنى دۆلەت رەئىسىنىڭ قولىغا مەركەزلەشتۈرگەن. دۆلەت يەنە يازغۇچى ۋە مۇخبىرلارغا كۆپلەپ پۇل بېرىپ، كۆپلىگەن نەپسانىيەتچى ئاخبارات ۋە تەشۋىقات ۋاستىلىرىنى مۇھىم باشقۇرۇش ئورۇنلىرىغا ئەكەلگەن. ئىسياننىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدىلا خەلقنىڭ نارازىلىقى كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى.

شۇنداقتىمۇ بۇ مۇستەبىت ھاكىمىيەت ۋەھشىيلەرچە باستۇرۇش، مۇسادىرە قىلىش، تۇتۇپ كېتىش، قىيىن ـ قىستاق ۋە تەھدىت سېلىش ۋاستىلىرىنى قوللانغاندىن سىرت، ئۇستىلىق بىلەن تەشۋىقات خىزمىتى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق كىرىزىسقا پېتىپ قالغان بۇ دۆلەتنى مىڭ تەسلىكتە 1991 ـ يىلغىچە ئېلىپ كېلەلىگەن بولسىمۇ، مۇشۇ ۋاقىتتىن ئېتىبارەن پۈتۈن ئىشلار كونتروللۇقتىن چىقىشقا باشلىغان.

**بۇ ھادىسىنىڭ تەھلىلى:**

1) ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئىنقىلابىي گۇرۇھ كۈچ تەقسىماتىنى ئۆز مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن تۈزۈپ چىققان :

شۇنىڭ بىلەن كۈچ تۆۋەندىكى ئورۇنلارغا مەركەزلەشكەن:

• ھەربىي كومىتېت ۋە دۆلەت رەئىسى (ئاساسىي قانۇن شۇنىڭغا ماس ئۆزگەرتىلگەن).

• ساقچى ۋە بىخەتەرلىك تارماقلىرى.

• مېدىيا ۋە تەشۋىقات ۋاستىلىرى (مەنسەپ ۋە ئىقتىسادتىن ئىبارەت ماددىي كۈچ ئارقىلىق).

• دۆلەت خەزىنىسى (خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى چەكلەپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىككە ئۆزگەرتىش ئارقىلىق).

ئەينى ۋاقىتتا تۆۋەندىكى ئورۇنلاردىن كۈچ ـ ھوقۇق تارتىۋېلىنغان ياكى دائىرىسى تارايتىلغان:

• پارلامېنت ۋە يەرلىك ئورگانلار (ئاساسى قانۇننى شۇنىڭغا ماس ئۆزگەرتىلگەن).

• چوڭ تىجارەتچىلەر ۋە مەبلەغ سالغۇچىلار (ئۇلارنىڭ

شىركەتلىرى مۇسادىرە قىلىنىپ، دۆلەت ئىگىلىكىگە قوشۇۋېتىلگەن).

• مۇستەقىل ئاخباراتچىلىق (نەپسانىيەتچىلەرنى كۆتۈرۈپ، يازغۇچى ۋە مۇخبىرلارغا كۆپ مىقداردا پۇل بېرىش ئارقىلىق).

• جەمئىيەتتىكى ئاممىۋى ئورگانلار (يېڭى قانۇن (بەلگىلىمە) چىقىرىش، تارتىۋېلىش ۋە مۇسادىر قىلىش).

2) دۆلەت ئىككى خىل كۈچنى تەڭ ئىشلەتكەن:

• تاراتقۇلار ۋە تەشۋىقاتنىڭ تىپىك مىسالى بولغان يۇمشاق كۈچ.

• ئىقتىسادىي مەنپەئەت، يۇقىرى مەنسەپ، باستۇرۇش، تەھدىت، چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىش، تۈرمىگە تاشلاش ۋە قىيناش قاتارلىقلارنىڭ تىپىك مىسالى بولغان قاتتىق كۈچ.

3) كۈچ - قۇۋۋەت دېگەن مەلۇم بىر تەرەپنىڭ ئۆز ئىرادىسىنى باشقىلارغا تېڭىش قۇدرىتىدىن ئىبارەت.

ھاكىمىيەت ھەر خىل كۈچلەرنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق خەلققە، ئاممىۋى تەشكىلاتلارغا، ئىقتىسادىي ئورگانلارغا ۋە تەشۋىقات ۋاستىلىرىغا، ھەتتا دۆلەتنىڭ قانۇن چىقىرىش ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىغىچە ئىرادىسىنى تاڭالىغان.



## مىسال: سىياسىي پائالىيەتچىلەرنىڭ كۈچ سىلىشتۇرمىسى

تەمىم قەبىلىسىنىڭ شەيخى ئەھنەپ ئىبنى قەيس مۇئاۋىيە خەلىپىلىكىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىش

ئۈچۈن كەلدى. ئەھنەپ ئىلگىرى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبنىڭ سېپىدە جەڭ قىلغان ئىدى. ھېچكىم ئۇنىڭ قەبىلە باشلىقلىق ئورنىغا خىرىس قىلمايتتى. ئۇ قەبىلە ئەزالىرىنىڭ جىسمىغا ئىگە بولۇشتىن بۇرۇن كۆڭلىنى ئۇتۇۋالغان ئىدى. ئەھنەپنىڭ پاكار بويى، ماغدۇرسىز، ئەگرى پاچىقى بۇ شەخسنىڭ كاتتىلىقىنى ۋە ھەقىقىي سالاھىيىتىنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيتتى. ئۇ مۇئاۋىيەنىڭ قېشىغا كىرگەندە مۇئاۋىيە تەختتە ئولتۇرغان، كىشىلەر ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا قول باغلاپ تۇرغان ھالەتتە ئىدى. ئەھنەپ ئالدىغا چىقىپ، مۇئاۋىيەگە يېقىنلاشتى. مۇئاۋىيە ئەھنەپكە كايىپ، ئەيىبلەپ، ئۇنىڭ ئىلگىرى ئەلى بىلەن بىر سەپتە تۇرغانلىقىنى ئەسلەتتى. ئەھنەپ سالماقلىق بىلەن: _ سېنى ئۆچ كۆرگەن قەلبىمىز ھېلىھەم ئۆز ئورنىدا، ساڭا جەڭ ئاچقان قىلىچلار قىنىدا، قالغىنىنى ئۆزۈڭ تاللا، - دېدى. بۇ گەپتىن سورۇندىكىلەرنىڭ چىرايى تاتىرىپ تۇرغاندا مۇئاۋىيە ئەھنەپنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا ھۆرمەت كۆرسەتتى ۋە ئۇنى قېشىدا ئولتۇرغۇزۇپ، سىلىق مۇئامىلە قىلدى. ئاندىن ئەھنەپ سورۇندىن قايتىپ چىقتى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرغان مۇئاۋىيەنىڭ سىڭلىسى ئاكىسىدىن: _ ئەرەبلەرنىڭ رەھبىرى تەختتە ئولتۇرغان كۈندە ئۇنىڭغا بۇنداق تەلەپپۇزدا گەپ قىلغان كىم؟ — دەپ سورىدى. ئۇ ئاكىسىنىڭ ئەھنەپكە تۇتقان پوزىتسىيەسىنى توغرا تاپمىغان ئىدى. مۇئاۋىيە سىڭلىسىغا جاۋابەن: _ قەدىرلىك سىڭلىم! بۇ ئادەم تەمىم قەبىلىسىدىن، ئۇ غەزەپلەنسە، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە يۈز مىڭلارچە تەمىملىك نىمە ئۈچۈن غەزەپلەنگەنلىكىنى سورىماستىنلا تەڭ غەزەپلىنىدۇ. - دېدى.

ھەر قانداق سىياسىيوننىڭ ۋەزنى مەيلى مەۋھۇم ياكى

ھەقىقىي بولسۇن، ئۇ ئىگە بولغان كۈچ بىلەن ئۆلچىنىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ماڭا يېقىن دوست يوق، مەندىن يىراق دۈشمەن يوق، دېگەن قوشاق جاراڭلايدۇ. بەلكى يېقىن - يىراقلىق كۈچ ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ. ئەگەر تەمىم قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلىنىڭ ئەنە شۇنداق تەسىرى كۈچلۈك بولمىسا ئىدى، مۇئاۋىيە ئۇنى ئۆزىگە يېقىن تۇتمىغان بولاتتى. لېكىن سىياسەت ۋە سىياسىيونلارنىڭ مىزانى ئەنە شۇنداق.

**خۇلاسە:**

سىياسىينىڭ خاراكتېرىنى «سىياسەت دېمەك كۈچ دېمەكتۇر» دېگەن بىر ئېغىز گەپكە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. يەنى تەرەپلەرنىڭ كۈچىگە مۇناسىپ مەنپەئەتكە ئېرىشىشى ئۇلارنى ئۆز ئىرادىسىنى باشقا تەرەپلەرگە تېڭىش كۈچىگە ئىگە قىلىدۇ. بۇ كۈچ يەنە سىياسىيوننىڭ دانالىقى، كۈچىدىن پايدىنىلىپ نەتىجىگە ئېرىشەلىشى ۋە قارشى تەرەپنىڭ ئاجىزلىق نۇقتىلىرىنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇش قابىلىيىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇنىڭدىن بىلىمىزكى، سىياسىيوننىڭ كۈچى سىياسىي ھەرىكەتتە ئەڭ كۆپ ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان مىزاندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن سىياسىيون كۈچ ۋە كۈچكە تەۋە ۋاستىلەرنى ياخشى بىلىشى لازىم. شۇندىلا ۋەزىيەتنى توغرا مۆلچەرلەپ، مۇناسىپ تەدبىر بەلگىلىيەلەيدۇ ۋە نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان مۇناسىپ ۋاستىلەرنى قوللىنالايدۇ.

سىياسىي رەھبەرنىڭ ئەڭ مۇھىم مەجبۇرىيىتى باشقىلارنىڭ زورلۇق قىلىشىغا چەكلىمە قويالىشى ئۈچۈن كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئۈزلۈكسىز كۆپەيتىشى كېرەك، مانا بۇ سىياسىي ھەرىكەتنىكى ئادىللىقنىڭ بىردىنبىر كاپالىتى.

يونىسكونىڭ ئىجتىمائىي پەنلەر قامۇسىدا سىياسەت ھەققىدە: «سىياسەت ھەر قايسى جامائەتلەرنىڭ مەنپەئەت كۈرىشى ئېلىپ بارىدىغان ۋە سىياسىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان ئىنسانىي ھەرىكەت بولۇپ، بۇ ھەرىكەت ھەر دائىم كۈچ ئىشلىتىش ياكى كۈچكە ئېرىشىشكە ھەرىكەت قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دېگەن تەرىپىنى يۇقىرىقى بايانلار ئاساسىدا چۈشىنىشكە بولىدۇ.

ئومۇمەنىڭ مەنپەئەتى بىلەن شەخسىي مەنپەئەت ئارىسىدىكى مەنپەئەت توقۇنۇشىنى ھەل قىلىش ياكى ئۇلغايتىش ئۈچۈن ئىش - ھەرىكەت قىلغان تەرەپلەر - مەيلى پارتىيە ياكى تائىپە ۋە ياكى جامائەت بولسۇن - سىياسى ھەرىكەت قىلغۇچىلاردۇر. بۇ تەرەپلەرنىڭ ھەممىسى كۈچ ئىشلىتىدۇ ۋە نىشانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا قوللىنىش ئۈچۈن كۈچكە ئېرىشىشكە ھەرىكەت قىلىدۇ.

# ئىككىنچى قىسىم

## سىياسىي پائالىيەتچى ئۈچۈن ئاساسىي قائىدىلەر

بىرىنچى قائىدە: دۆلەتنىڭ ئېنىقلىمىسى

ئىككىنچى قائىدە: سىياسىي تۈزۈلمە

ئۈچىنچى قائىدە: سىياسىي تەشكىللەش

## سىياسىي پائالىيەتچى كىم؟

سىياسىي قارار چىقىرىش، تۈزۈتىش ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇشتا بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك تەسىر كۆرسىتىش كۈچىگە ئىگە بولغان شەخس (ھەقىقىي ياكى مەنىۋى)، ئورگان ۋە تەشكىلاتنى كۆرسىتىدۇ. بۇ دېگەنلىك سىياسىي پائالىيەتچى پەقەت ئىنسانىنلا كۆرسەتمەيدۇ.

### 1. دۆلەت ئەربابى _ Statemen:

دۆلەت ئەربابى ۋە ئۇنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلى ھەققىدىكى تونۇشلىرىش ئۇشۇقچە ئىش ئەمەس. چۈنكى دۆلەت ئەربابى سىياسىي قارار چىقىرىدىغان شەخس بولۇپ، ئۇنىڭ چىقارغان قارارىدىن چوڭ مۇۋەپپەقىيەت ياكى بالايىئاپەت كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭلاشقا دۆلەت ئەربابى ئەلۋەتتە سىياسىي پائالىيەتچى ھېسابلىنىدۇ.

سىياسىي قابىلىيەت ياكى سىياسىي ئىقتىدار نوقۇل ھالدا بىر شەخسنىڭ پىسخىكىسى ياكى خاراكتېرىگە باغلىق بولمايدۇ. سىياسىيونغا تەسىر كۆرسىتىدىغان بىر قانچە ئامىل بار. مەسىلەن، كەسپىي سىياسىي بىلىم ئارقىلىق تەربىيەلەشنىڭ سىياسىيونغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان تەربىيەلەش پەقەت تەربىيەلەش پىروگراممىسى بىلەنلا ۋۇجۇتقا چىقىدىغان ئىش بولماستىن، تۆۋەندىكى بىر قانچىلىغان ئامىلنىڭ ئورتاق نەتىجىسى:

• سىياسىيون ئۆسۈپ يېتىلگەن مۇھىت ۋە ئۇ مۇھىتنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسى، جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىغا ئارىلىشىش ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ياخشى بىر

رەھبەر ئاشۇ مۇھىتتا بار بولغان رەھبەرلىك ئۆرنەكلىرىدىن مۇناسىپلىرىنى تاللاپ پايدىلىنالايدۇ.

• جەمئىيەتتىكى سىياسىي كادىرلارنى يېتىلدۈرىدىغان مېخانىزم. ھوقۇق ۋارىسلىق ئارقىلىق ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدىغان تۈزۈلمە، ھەربىي تۈزۈلمە ۋە دىكتاتۇرا تۈزۈلمە بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە سىياسىي پارتىيەلەردىن رەھبەرلىرىنى تاللاپ چىقىدىغان دېموكراتىك تۈزۈلمىنىڭ سىياسىي كادىرلارنى تەربىيەلەش ئۇسۇلىدا چوڭ پەرق بار.

• سىياسىيوننىڭ ئەتراپىدىكى جامائەتنىڭ خاراكتېرى. سىياسىيون ئاشۇ جامائەت ئارىسىدا ئۆزىنىڭ سىياسى خاراكتېرىنى بايقاپ، يېتىلدۈرۈپ چىقىدۇ. شۇ جامائەتنىڭ مەدەنىيىتى ۋە تەپەككۇر شەكلى سىياسىيوننىڭ تەپەككۇرىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.


• سىياسىيون مەيدانغا كېلىشتىكى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش (زامان، ماكان، ۋەزىيەت، پوزىتسىيە ۋە پۇرسەت).

# بىرىنچى قائىدە:

## دۆلەتنىڭ ئىنقىلابىسى

**بىرىنچى قائىدە:**

دۆلەت: خەلق، جۇغراپىيەلىك ئورۇن، ھۆكۈمەت ۋە ئىگىلىك ھوقۇقتىن شەكىللىنىدۇ.




6. شەكىل: دۆلەتنىڭ شەكلى ۋە ۋەزىپىلىرى

كۆپلىگەن كىشىلەر دۆلەتنى بىر توپ ئادەملەر ياشايدىغان جۇغراپىيەلىك رايون دەپ قارايدۇ. ئەمما بۇ ئاۋام خەلقنىڭ زېھنىدىكى دۆلەت ئۇقۇمى. سىياسەتشۇناسلارنىڭ دۆلەتكە بەرگەن ئېنىقلىمىسى ئوخشىمايدىغان بولۇپ، سىياسەتشۇناسلار تەرىپىدىن دۆلەتكە بېرىلگەن ئېنىقلىما 145 خىلدىن كۆپ.

دۆلەتنىڭ ئېنىقلىمىسى: دۆلەت مەلۇم چېگرانىڭ ئىچىدە ياشايدىغان كىشىلەر توپىدىن تەشكىللەنگەن، ئىشلىرىنى كۈچ ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان ھۆكۈمەت تەرتىپكە سالىدىغان سىياسىي ۋە قانۇنىي گەۋدىدىن ئىبارەت.

## دۆلەتنى شەكىللەندۈرىدىغان ئاساسىي ئامىللار

دۆلەت مۇنداق تۆت ئاساسىي ئامىلدىن تەركىب تاپىدۇ:

1. خەلق:

مۇقىم كىشىلەر توپىنىڭ شەكىللىنىشى دۆلەتنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. سانى ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن، مۇقىم بىر كىشىلەر توپى (جەمئىيىتى) بولمىغان دۆلەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ھەر قانداق دۆلەتنىڭ ئاھالىسى ھەققىدە ئىزدەنگىنىمىزدە بىر دۆلەت گراژدانلىرىنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقى ۋە ئورتاقلىقلىرى بىلىشكە تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم نۇقتا ھېسابلىنىدۇ. بىر دۆلەت گراژدانلىرىنىڭ ئورتاقلىق ئۆلچەملىرى مەدەنىيەت، دىن، ئىرق ۋە تىل قاتارلىق بىر قانچە ئامىللاردا ئورتاقلىققا ئىگە بولۇشتىن ئىبارەت.

2. جۇغراپىيەلىك رايون:

دۆلەت مەيلى چوڭ بولسۇن ياكى كىچىك بولسۇن، خەلق مۇقىم ئولتۇراقلاشقان بىر رايونغا ئىگە بولىدۇ، دۆلەتنىڭ تەۋەلىكى جۇغراپىيەلىك ئورۇن ۋە زېمىندىن باشقا سۇ تەۋەلىكى ۋە ھاۋا تەۋەلىكىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

جۇغراپىيەلىك رايون دۆلەتنىڭ سىياسەت بەلگىلىشىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەتتا بەزىلەر سىياسىي تۈزۈملەرنىڭ ئەندىزىسى رايوننىڭ يەر شەكلىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ دېگەن بولسا، بەزىلەر جۇغراپىيەلىك ئامىل تارىخنىڭ ئېقىمىغا ھۆكۈم قىلىدۇ، دېگەن.


### 3. ھاكىمىيەت:

ھاكىمىيەت جۇغراپىيەلىك رايوندا قارار چىقىرىدىغان ئورگان بولۇپ، ئۇنى يەنە تەرتىپ ساقلاش، ئىچكى ۋە تاشقى ئىشلارنى رەتكە سېلىش ئۇچۇن دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان ئورگان دەپ ئىزاھلاشقىمۇ بولىدۇ. ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى دۆلەتتىكى ئىدارە ـ ئورگانلار ئارقىلىق يۈرگۈزىدۇ. ئۇ كەڭ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا قانۇن چىقىرىش، ئىجرا قىلىش ۋە ئەدلىيە ئىشلىرىنى ئۆستىگە ئالىدۇ. تار مەنىدىن ئېيتقاندا ئىجرا قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆستىگە ئالىدۇ.

ھاكىمىيەت يەنە دۆلەتتىكى ئىدارە ـ ئورگانلار ئىچىدە قارار چىقىرىش، ئاساسىي قانۇن رامكىسى ئىچىدە قانۇن چىقىرىش (پارلامېنت)، ئىجرا قىلىش ۋە ئەدلىيە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەشكە مەسئۇل.

يۇقىرىقىلارغا ئاساسلانغاندا، ھۆكۈمەتكە دۆلەتنىڭ ھوقۇقىغا ۋەكىللىك قىلغۇچى دېگەن نۇقتىدىن قاراشقىمۇ ياكى دۆلەت قۇرۇلمىسى (ھەر قايسى ئىدارە ـ ئورگان ۋە دۆلەت ئاپپاراتى) دېگەن نۇقتىدىن قاراشقىمۇ ۋە ياكى ھوقۇق يۈرگۈزۈش شەكلى (تەدبىر بەلگىلىگۈچى يوللىرى) دېگەن نۇقتىدىن قاراشقىمۇ بولىدۇ. ھاكىمىيەتنىڭ ھوقۇقى ئىگە ئىكەنلىكى ھەممەيلەننىڭ ئورتاق تونۇشى، ئەمما قۇرۇلما ۋە ھوقۇق يۈرگۈزۈش شەكىللىرى دۆلەتلەردىكى مەۋجۇت سىياسىي تۈزۈلمىنىڭ خاراكتېرىگە قاراپ پەرقلىق بولىدۇ.

ھاكىمىيەتكە تۆۋەندىكى نۇقتىلاردىن قاراش مۇمكىن:





7.شەكىل

### 4. ئىگىلىك ھوقۇق:

ئىگىلىك ھوقۇق ئىچكى نۇقتىدىن دۆلەتنىڭ ئۆزىگە تەۋە زېمىن ۋە خەلققە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ سىرتقى ھۆكۈمرانلىقتىن مۇستەقىل ئىكەنلىكى (ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش) نى كۆرسىتىدۇ. ئالدىنقىسى دۆلەت ئىچىدە دۆلەتنىڭ ئىرادىسى ۋە كۈچىدە ئىپادىلىنىدۇ، كېيىنكىسى باشقا دۆلەتلەردىن مۇستەقىل ئىكەنلىكى ۋە باشقىلارغا بويسۇنمايدىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.

ئىگىلىك ھوقۇقنىڭ ئىككى خىل چۈشەنچىسى بار. بىرى، قانۇنىي ئۇقۇم. ئۇ دۆلەتكە خەلق ۋە زېمىن (جۇغراپىيەلىك رايون) غا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى بېرىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا ئىگىلىك ھوقۇق تولۇق ۋە دەخلى - تەرۇزسىز ھەم تولۇق بولىدۇ. ئىككىنچىسى، سىياسىي رېئال ئۇقۇم ۋە سىياسىي نۇقتىدىن قارىغاندا، دۆلەتنىڭ ھوقۇقى ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلالمايدىغان كۈچ ۋە مەلۇم شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. سىياسىي نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىچكى ياكى تاشقى ئىشلاردا مۇتلەق ئىگىلىك ھوقۇققا ئىگە دۆلەت مەۋجۇت بولمايدۇ (قانۇن دۆلەتكە مۇتلەق ھوقۇق بەرگەن بولسىمۇ، دۆلەتنىڭ بۇ ھوقۇقنى رېئاللىقتا ئىشلىتىشى ئۇنىڭ كۈچى ۋە شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ).




8.شەكىل



مەسىلەن، مۇستەملىكە قىلىنغان دۆلەتلەر قانۇنىي جەھەتتىن سالاھىيىتىنى ساقلاپ قېلىپ، خەرىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. ئەمما سىياسىي ۋە قانۇنىي جەھەتتىن ئىگىلىك ھوقۇقىنى يوقاتقان بولىدۇ. مۇستەملىكىگە چۈشۈش بىلەن ئۇنىڭ قانۇنىي ئىگىلىك ھوقۇقى ئاخىرلىشىدۇ. مۇستەملىكە قىلغۇچى دۆلەت ئۇنىڭ قانۇنىي مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ، يەنى، مۇستەملىكە قىلىنغان دۆلەت قانۇنىي جەھەتتىن مەۋجۇت دەپ قارىلىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ قانۇنىي ۋە سىياسىي جەھەتتىن ئىگىلىك ھوقۇقى بولمايدۇ.

دىكتاتۇرا تۈزۈمىدىكى دۆلەتلەرمۇ مۇتلەق ئىگىلىك ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولالمايدۇ، چۈنكى دۆلەت تاشقى ھەرىكەتلىرىدە قوشنا دۆلەتلەرنىڭ ياكى رەقىب دۆلەتلەرنىڭ بېسىمىغا دۇچ كېلىدۇ، ئوخشاشلا دۆلەت ئىچىدىكى ھوقۇقىمۇ چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ، چەكلىمىنى ئاشسا، ۋەزىيەت قالايمىقانلىشىپ، ئىچكى ئىسيان كېلىپ چىقىدۇ.

### 5. ئېتىراپقا ئېرىشىش:

بىر دۆلەتنىڭ باشقا دۆلەتلەر تەرىپىدىن دۆلەتلىك سالاھىيىتى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقى ئېتىراپ قىلىنىشىمۇ مۇھىم بىر شەرت ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ دۆلەت (ھوقۇقنى قولىغا ئالغان ياكى ئۈستىگە ئالغان ھاكىمىيەت ئەمەس) يېڭى قۇرۇلغان چېغىدا بۇ ئېتىراپقا ئېرىشىشى تېخىمۇ مۇھىم. بۇ ئېتىراپنىڭ خاراكتېرىگە كەلسەك، بۇ ھەقتە بۇ خىل ئېتىراپ ئەمەلىيەتتە بار دۆلەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بايقاشمۇ ياكى يوق دۆلەتنى پەيدا قىلىشمۇ؟ دەيدىغان سىياسىي دەتالاشلار بار بولۇپ، بىز بۇنىڭ پەقەت بىر بايقاش ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتتۇق.

**دۆلەتنىڭ ۋەزىپىسى:**



دۆلەت ئىنسان مەۋجۇتلۇقىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى بولماستىن، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ھاياتنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ ئىنكاسى بولۇپ، بىخەتەرلىكنى قوغداش ۋە شەخس بىلەن كوللېكتىپنىڭ (پۇقرا بىلەن جەمئىيەتنىڭ) ئالاقىسىنى ئۇلارنىڭ پاراۋانلىقى ۋە تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان شەكىلدە سىستېمىلاشتۇرۇش ئۈچۈن قۇرۇلىدۇ. دېمەك، دۆلەت غايە ئەمەس، بەلكى بىخەتەرلىك ۋە تەرەققىياتقا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ۋاستىسىدۇر.

دۆلەت بىر ۋاستە بولغان ئىكەن، ئۇنداقتا دۆلەتنىڭ ئەسلىي نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى رولى نېمە؟ دەپ سوئال قويۇلىشى مۇمكىن.

دۆلەتنىڭ رولىنى مۇنداق ئىككى كاتېگورىيەگە ئايرىشقا بولىدۇ:

### 1) دۆلەتنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى:

ئاساسىي ۋەزىپىلەر دېگەندە دۆلەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە ئاساسلىق مەقسەت دۆلەتنىڭ مەۋجۇدىيىتى ۋە داۋاملىشىشىدۇر. چۈنكى ھەر قانداق مەۋجۇت بىر (سىياسىي) گەۋدە ئەڭ دەسلەپ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە داۋاملىشىشىنى ھەممىدىن زۆرۈر دەپ قارايدۇ.

بۇ ئاساسىي ۋەزىپىلەر تۆۋەندىكىدەك : دۆلەت تۆۋەندىكى ۋەزىپىلەرنى ئىجرا قىلىدۇ:

- ئارمىيە: خەلقنى سىرتقى كۈچلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىدىن قوغداش ۋە دۆلەت مەنپەئەتىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن ئەسكىرىي كۈچ (ئارمىيە) تەشكىللەش.
- ئىچكى ئىشلار: دۆلەت ئىچىدە تەرتىپ ساقلاش ۋە مۇقىملىقنى قوغداش ئۈچۈن ئىچكى ئىشلار ئورگانلىرى تەسىس قىلىش.
- ئەدلىيە: پۇقرالار ئارىسىدا كېلىپ چىقىدىغان ھەرخىل نىزالارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن سوت مەھكىمىسى تەسىس قىلىش.
- دىپلوماتىيە: باشقا دۆلەتلەر ۋە سىرتقى كۈچلەر بىلەن بولغان ئالاقىنى قولايلاشتۇرۇش ئۈچۈن دىپلوماتىيە ئورۇنلىرىنى تەسىس قىلىش ۋە ئىجرا قىلىش.
- مالىيە ـ ئىقتىساد: ئارمىيە، ئىچكى ئىشلار ئورگانلىرى (ساقچى، ئىستىخبارات) ۋە ئاممىۋى مۇئەسسەسەلەرگە مەبلەغ سېلىش.

## 2) مۇقىملىق ۋەزىپىسى (ئىككىلەمچى خىزمەتلەر):

بۇنى دۆلەتنىڭ مۇقىملىقىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان ئىشلار دەپ ئىزاھلاشقىمۇ بولىدۇ. دەسلەپكى قەدەمدە بىر دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىنلا ئۇنىڭ مۇقىملىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. دۆلەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش دۆلەت تۈزۈلمىسىنىڭ مۇقىملىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، شۇڭا دۆلەتتە بىخەتەر، مۇقىم ۋەزىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن شۇنىڭغا ماس شارائىت يارىتىش كېرەك. بۇلار تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: سەھىيە، مائارىپ، ئىجتىمائىي كاپالەت، قاتناش - ترانسپورت ئىشلىرىنى راۋانلاشتۇرۇش، ئايرودروم، قانال ئېچىش، سۇ ئىنشائاتى، توك بىلەن تەمىنلەش، تېلېگراف، پوچتا ۋە ئالاقە ئىشلىرىنى راۋانلاشتۇرۇش، سانائەت، يېزا - ئىگىلىك، تىجارەت ۋە كان ئېچىش قاتارلىق نۇرغۇن ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ياخشى ئورۇندىلىشى جەمئىيەتنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە ھاياتلىقىنىڭ تىنچ داۋاملىششى بىلەن بىرلىكتە خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن بولغان ئالاقىسىنى تەڭشەشكىمۇ ھەسسە قوشىدۇ.

## 3) تەرەققىيات، پاراۋانلىق ۋە دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ۋەزىپىسى:

بۇ باسقۇچتا دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى تەرەققىي قىلىش ۋە تەرەققىيات مودېللىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتۇر. بۇ ۋەزىپە تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

• تەرەققىيات: بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغىنى جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىنلا تەرەققىي قىلىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ئەمەس، بەلكى ھاللىق

تۇرمۇش، يەنى جەمئىيەتنىڭ پاراۋان، بەخت ـ سائادەتلىك هالغا يېتىشى مەقسەت قىلىنىدۇ.

• تەقسىملەش: ئىلگىرىكى نەتىجىنىڭ (تەرەققىياتنىڭ) سەمەرىسىنى جەمئىيەتنىڭ تۈرلۈك قاتلاملىرىدا، دۆلەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەريانىدىكى تۆھپىسى، ئىقتىدارى، ماھارىتى ۋە مەسئۇلىيىتىگە قارىتا ئادىللىق بىلەن تەقسىملەش. بۇ ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىشتا[4] ئادىللىق ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپ، ئۇ ماتېماتىكىلىق هېسابلاش ئارقىلىق ھەممىگە تەڭ ئۈلەشتۈرۈپ بېرىشنىلا ئاساس قىلمايدۇ.

• جازا ـ مۇكاپات فۇنكسىيەسى: ئىلگىرىكى ۋەزىپىلەر بىلەن بىرلىكتە ئىجرا قىلىنىدۇ، ئۇ دۆلەتنىڭ قانۇنىي رامكىسىغا باغلىنىدۇ. جازا ـ مۇكاپات فۇنكسىيەسى ھەر قايسى ۋەزىپىلەرنىڭ ئورۇندىلىشىدا زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، بارلىق ۋەزىپىنى ئۇراپ تۇرغۇچى رامكىنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ.

**ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش:**

## ۋەزىپىلەرنىڭ ئادەتتىكى ۋە ئالاھىدە شارائىتتىكى مۇھىملىق دەرىجىسى:

ئىشلارنىڭ مۇھىملىق دەرىجىسى سىياسىيوننىڭ نىشانىنى پەيدىنپەي ئىشقا ئاشۇرۇشىدا روشەن ئەكس ئېتىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا دۆلەت مەۋجۇتلۇق، مۇقىملىق ۋە تەرەققىياتقا موهتاج بولسىمۇ، بۇلارنىڭ مۇھىملىق دەرىجىسى ئەمەلىي

[4] يەنى، تەقسىمات ئادىل ئېلىپ بېرىلىدۇ، باراۋەر ئاساستا ئېلىپ بېرىلمايدۇ، كىم قانچىلىك ئىشلىسە، قانچىلىك ئۈنۈم، قىممەت ياراتسا، ھوسۇل شۇنىڭغا قارىتا تەقسىم قىلىنىدۇ.

ئەھۋالغا قاراپ ئالمشىپ تۇرىدۇ. سىرتقى دۈشمەننىڭ تاجاۋۇزچىلىق تەھدىتىگە دۇچ كەلگەندە دۆلەتنىڭ مەۋجۇتلۇق مەسىلىسى ئۈچۈن مۇقىملىق ۋە تەرەققىيات قۇربان قىلىنىدۇ. خامچوت ۋە دۆلەتنىڭ بايلىق مەنبەسى ئارمىيەنى قوراللاندۇرۇشقا مەركەزلىشىدۇ. دۆلەتنىڭ مائارىپ، سەھىيە، پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ئاجراتقان خامچوتىنىڭ ئازىيىشى تەرەققىياتقا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

سىياسىي پارتىيە رەھبەرلىرىمۇ ئوخشاش مەنتىقە بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ. مەۋجۇتلۇقى تەھدىتكە ئۇچرىغاندا مەخپىي ھەرىكەت قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. مەۋجۇتلۇقى كاپالەتكە ئېرىشكەندە بولسا ئاشكارا ھەرىكەت قىلىدۇ، شۇنداقلا پارتىيەنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتى ھەققىدە كاللا قاتۇرىدۇ. رەقىبى بولسا ئەكسىچە ئۇنى داۋاملىق شۇ تەھدىت ئاستىدا قالدۇرۇشنى ۋە شۇ ئارقىلىق مۇقىملىق ۋە تەرەققىياتىغا پۇرسەت بەرمەسلىكنى مەقسەت قىلىدۇ. (بۇنىڭ ئەكسىچە، پارتىيەنىڭ رەقىبى ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تەھدىت ئاستىغا ئېلىپ، مۇقىم شارائىتتا گۈللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىش يولىنى توسۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ).

**مىسال:** بىز بۇنى بازا تەشكىلاتىنىڭ تەرەققىياتىدا تەپەككۇر ئەندىزىسىدە كۆرۈۋالايمىز. بازا تەشكىلاتى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنى تەرەققىي قىلغان ھالەتتىن تەرەققىياتنى پەيدىنپەي يوقىتىدىغان، مۇقىمسىز ھالەتكە كەلتۈرۈپ، ئاخىرىدا ئۇنىڭ مەۋجۇدىيىتىگە تەھدىت سالماقچى بولغان. ئامېرىكىمۇ بازا تەشكىلاتى بىلەن بولغان مۇئامىلىدە مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللانغان. ئامېرىكا بازا تەشكىلاتىنىڭ مۇقىملىقىغا زەربە بېرىپ، ئۇنى مەۋجۇتلۇق كرىزىسىغا دۇچار قىلدى.

## دۆلەت بىلەن ئاممىۋى كۈچلەرنىڭ ۋەزىپىلەرنى ئورۇندىشى

بۇ ۋەزىپىلەرنى دۆلەت ئورۇندامدۇ ياكى جەمئىيەت ئۈستىگە ئالامدۇ ياكى ئىككىلىسى ئورتاق ئورۇندامدۇ؟ دېگەن مەسىلە ھەققىدە مۇتەپەككۇرلار ئوخشىمىغان قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. بەزىلەر دۆلەت ئورۇندايدۇ دېسە، بەزىلەر جەمئىيەت ئورۇندايدۇ دەپ قارىغان.




9.شەكىل

شەخسىيەتچىلىكنى رادىكال ھالدا تەشەببۇس قىلغۇچىلار دۆلەتنىڭ رولى مۇلازىمەت فۇنكسىيەسى ئىچىدە ھاياتلىق، ئەركىنلىك ۋە خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى قوغداشقا مەركەزلىشىدۇ، باشقا مۇلازىمەتلەرنى دۆلەت ئىچىدىكى تۈرلۈك ئاممىۋى تەشكىلاتلار ئۈستىگە ئالىدۇ، دەپ قارايدۇ. رادىكال كوللېكتىپچىلار بولسا دۆلەت بارلىق خىزمەتكە مەسئۇل بولىدۇ، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى ئاربلاشتۇرماستىن، پۈتۈن مۇلازىمەت تۈرلىرىگە دۆلەت ئىگىدارچىلىق قىلىشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. مۆتىدىل ئېقىمدىكىلەر: شەخسلەر بەزى مۇلازىمەتنى ئۈستىگە ئالسا بولىدۇ، ئەمما چوقۇم دۆلەتنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك، بولۇپمۇ مائارىپ ۋە سەھىيە مەسىلىسىدە دۆلەتنىڭ


نازارەتنى تولۇق قوبۇل قىلىشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئېلېكتىر بىلەن تەمىنلەش، ئايرودروم قۇرۇش، تۆمۈر يول ياساش دېگەندەك پايدا ئالمايدىغان، شەخسلەر قىلالمايدىغان ئىشلارنى ۋە بەزى ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيىتى بار ئېنېرگىيە ۋە ئېغىر سانائەتكە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى دۆلەت ئۈستىگە ئېلىشى ياكى نازارەتچىلىك قىلىشى كېرەك، دەپ قارايدۇ.

# ئىككىنچى قائىدە:

## سىياسىي تۈزۈلمە

## 2. قائىدە:

سىياسىي تۈزۈلمىنىڭ ئىشلىشى (ھەرىكىتى): يۇقىرىنىڭ تەلەپلىرى بىلەن ھۆكۈمەت قارارى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا تەسىردىن ئىبارەت.




10. شەكىل ـ ئىستون مودېلى



سىياسىي تۈزۈلمە خىزمىتىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەندۈرىدىغان ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ ئاددىي مىساللارنىڭ بىرى ئىستون مودېلىدۇر. بۇ مودېلغا ئاساسلانغاندا، ھۆكۈمەتنىڭ مۇقىم بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەڭ چوڭ ئامىل ـ ئاۋام خەلق (يۇقىرىلار ۋە بىرەسمىي تەشكىلات ۋە ئورگانلار).

خەلق خۇددى ھۆكۈمەتكە بولغان مىننەتدارلىقىنى گەپ ـ سۆزى ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئىپادىلىگەندەك، ھۆكۈمەتنىڭ كۈتكەن ئۈمىدى ۋە تەلەپلىرىنىمۇ ئەمەلىي ئىپادىلەيدۇ.

سىياسىي تۈزۈلمىدە بۇ تەلەپلەر پارتىيەلەر ياكى يۇقىرىۋى ئورگانلار ئارقىلىق رەتلىنىپ ھاكىمىيەتكە سۇنۇلىدۇ. ھاكىمىيەت

بۇ تەلەپلەرنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئاكتىپ ياكى پاسسىپ ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، جەمئىيەتتە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئېھتىياج ۋە تاشقى قارار سىياسەتلەرنى چىقىرىش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرىدۇ. شۇڭا ھۆكۈمەت بۇ پىكىر - تەلەپلەرنىڭ ئىجابىي ياكى سەلبىي نۇقتىلىرىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن ئىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. نەتىجىدە ھۆكۈمەت مەلۇم دەرىجىدە خەلقنىڭ تەلىپىگە ماس ھالدا تەكشۈرۈش بىلەن خەلق تەرىپىدىن قانۇنىي سالاھىيەتكە ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن مەۋجۇدلۇقىنى داۋاملاشتۇرالايدۇ. (سىياسەت ۋە تۈرلۈك تەدبىر بەلگىلەش توغرىسىدا خەلق تەرىپىدىن كەلگەن پىكىر - تەلەپلەرنى تۈزىتىشكە قادىر دەپ كۆرۈنىدۇ).

بۇ ، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى قارار چىقىرىش دېگەنلىك بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ قارارى خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن، ئاقىلانە بولسا، خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىدۇ. ناۋادا قارار خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولماي، ناتوغرا بولسا، خەلقنىڭ نارازىلىقىنى قوزغايدۇ. بۇ نارازىلىق تۆۋەندىكى بىر قانچە شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ:

• زىيرىكىش باسقۇچى: كىشىلەر توپلاشقان سورۇنلار ۋە ئۇچرىشىشلاردا ئۆزئارا بىر - بىرىگە قارارنىڭ ناتوغرىلىقى توغرىسىدا قاقشايدۇ.

• ئاددىي ئىنكاس قايتۇرۇش باسقۇچى: مېدىيا ۋە تار دائىرىلىك پائالىيەتلەر بىلەن نارازىلىقنى ئىپادىلەش.

• نارازىلىقنى ئوچۇق - ئاشكارا ئىپادىلەش: دۆلەتكە قارشى سىستېمىلىق ۋە كەڭ كۆلەملىك ئىسيان ۋە نامايىشلار ئاقىلىق نارازىلىقنى ئىپادىلەش.

• **قوزغىلاڭ:** بۇ نارازىلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى بولۇپ، خەلق تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان شەكىلدە تەشكىللىك ھالدا كوچىلارغا چىقىپ، ھۆكۈمەتتىن كەڭ كۆلەملىك ئىسلاھات تەلەپ قىلىدۇ.

# ئۈچىنچى قائىدە:

## سىياسىيوننىڭ ئىلمىي ساپاسى

## 3. قائىدە:

سىياسىي ساھەدىكىلەر ئەتراپلىق بىلىم ۋە سىياسىي ماھارەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك.

ئۇتتۇق قازانغان سىياسىيون كۈچلۈك ئىلمىي ساپاغا ئىگە بولۇشى كېرەك، ئۆز ئىدېئولوگىيەسى ۋە دەۋاسىغا مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلىكلەرنى ۋە مەزكۇر ۋەقەلىكلەرنىڭ يۈزەكىي تارىخىي جەريانلىرىنى بىلىپلا قالماستىن، ئاقىلانە قارار چىقىرىشتا مۇھىم رول ئوينايدىغان ئەتراپلىق بىلىم ئاساسىغا ئىگە بولۇشى كېرەك.

بىز تۆۋەندە سىياسىي ساھەدىكىلەر بىلىشى زۆرۈر بولغان ھەر نەرسە ھەققىدە توختالمايمىز، بەلكى ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىملىرى ھەققىدە توختىلىمىز:

**1) سىياسىي ھەرىكەتنىڭ ماھىيىتى:** سىياسەت بىلەن شۇغۇللانماقچى بولغان ئادەم دەسلەپتە كۈچ، ھوقۇق ۋە نوپۇزدىن ئىبارەت سىياسىي ھەرىكەتنىڭ يۈرىكىنى بىلىشى كېرەك. بۇلارنىڭ مەنبەسىنى ۋە بۇلارنى قانداق قوللىنىشنى بىلىشتىن سىرت، ئىستراتېگىيەلىك پىلان ۋە سىياسىي تەشۋىقاتقا ئوخشاش سىياسىيوننىڭ مۇھىم قوراللى بولغان ساھەلەردىمۇ يېتەرلىك بىلىمگە ئىگە بولۇشى كېرەك.

**2) ماكرو ئىقتىساد بىلىملىرى:** سىياسەت بىلەن شۇغۇللانماقچى بولغان كىشى ئىقتىساد توغرىسىدا چوڭقۇر ساۋاتقا ئىگە بولۇشى كېرەك. بولۇپمۇ ماكرو ئىقتىساد ھەققىدە بەلگىلىك چۈشەنچىسى بولۇشى لازىم. دۇنيا ئىقتىسادى قانداق ئايلىنىۋاتىدۇ؟ دۇنيادىكى بايلىق قانداق تەقسىملىنىۋاتىدۇ؟ خەلقئارالىق كاپىتالنىڭ رولى نېمە؟ ئۇنىڭ رايون ئىقتىسادى

(يەرلىك) بىلەن قانداق ئالاقىسى بار؟ كاپىتالىنىڭ ھەرىكەت مېخانىزمى ۋە ئۇنى كونترول قىلىدىغان كۈچلەر قايسى؟ دېگەنلەرنى بىلىشى كېرەك.

چۈنكى سىياسىي قارار ئىقتىسادقا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىكەن، ئىقتىسادىي قارارمۇ سىياسەتكە تەسىر كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئىككى ساھە گىرەلىشىپ كېتىدۇ. سىياسىيوننىڭ ئىقتىسادىي ئارقا كۆرۈنۈشى كۈچلۈك بولسا، سىياسىي مەغلۇبىيەتلەردىن ساقلىنالايدۇ. بولۇپمۇ ھەل قىلماقچى بولغان مەسىلە خەلقئارالىق تۈزۈلمە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاندا دۆلەت ئىچىگە مۇناسىۋەتلىك قارار چىقىرىشتىن بۇرۇن، خەلقئارا ۋەزىيەتنى توغرا مۆلچەرلىشى لازىم.

3) **ئاۋام پىسخىكىسى:** ئاۋام خەلق كۆپ ھاللاردا سىياسىيوننىڭ نىشانى ھېسابلىنىدۇ. ئاۋامنىڭ خاراكتېرىنى بىلىش ۋە ئەقلىي ئىقتىدارىنى توغرا مۆلچەرلەش سىياسىيوننى نۇرغۇنلىغان سىياسىي پالاكەتلەردىن ساقلاپ قالىدۇ. چۈنكى سىياسەت ئاخىرقى ھېسابتا مەۋجۇت ئىنسانلار توپىغا (ئاۋامغا) ھۆكۈمرانلىق قىلىش دېمەكتۇر. سىياسىيون مەيلى ئۆكتىچى سالاھىيەتتە بولسۇن ياكى ھوقۇق بېشىدا بولسۇن، ئاۋام بىلەن مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنى بىلمىگەندە، كەينى - كەينىدىن ئوڭۇشسىزلىققا دۇچ كېلىدۇ، ئاندىن مەن نېمىشقا مەغلۇپ بولدۇم؟ دەپ گاڭگىراپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن گۇناھنى ئاۋامغا قويىدۇ، ھالبۇكى ئۇ ئاۋامدىن نېمىنى كۈتكىنىنى كونكرېت بەلگىلىيەلمىگەن. مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئاۋام بىلەن ماس قەدەمدە ھەرىكەت قىلىشنىڭ چارىسىنى تاپالمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن سىياسىيون بىلىشكە تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم ئىش

ئاۋام قانداق ئىنقىلاب قىلىدۇ؟ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر قانداق پەيدا بولىدۇ؟ ئۇنىڭ (كېلىپ چىقىشىنى) تېزلەشتۈرىدىغان ۋە تىزگىنلەيدىغىنى نېمىلەر؟ دېگەندەك ئىشلارنى پىششىق بىلىشى كېرەك. ھەر قانداق سىياسىي تۈزۈلمىگە قارشى خەلق ئىنقىلابى پارتلاپ، ئاۋامنىڭ قوزغىلىپ كېتىشى شۇ سىياسىي تۈزۈلمىگە نىسبەتەن ئەڭ ئېغىر پالاكەت ھېسابلىنىدۇ.

شۇنداقلا سىياسەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئىجتىمائىي تەبىقىلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرنىڭ شەكىللىنىشى توغرىسىدا مەلۇمات توپلاپ، بۇلار ھەققىدىكى مەلۇماتىنى پۇختىلىشى كېرەك. يەنە شۇنىڭدەك سىياسىيونىنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمى ھەققىدە مەلۇماتقا ئىگە بولۇشى ئۇنىڭ مۇھىم سىياسىي ئۇقۇملار ۋە سىياسىي بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن ئۇقۇملارنى چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىدۇ.



**4) جەمئىيەتنىڭ ئىلمىي ساپاسى (كۇلتۇرى، مەدەنىيەت سەۋىيەسى):** سىياسىيون ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ ئىلمىي مەدەنىيىتىنى پىششىق بىلىش بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. ئەگەر بىر جەمئىيەتتە ئوخشىمىغان ئىرق، مەزھەپ، دىن ياكى ئوخشىمايدىغان ئىدىيە ئېقىملىرى بولسا، ئۇنداقتا سىياسىيون بۇلارنى تەتقىق قىلىشى، ھەر قايسى تەبىقە ۋە مەزھەپلەرگە توغرا، مۇناسىپ مۇئامىلە قىلىشى، خىتاب قىلىش ئۈچۈن جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت مەنبەلىرىنى ياخشى بىلىشى كېرەك.

**5) خەلقئارالىق ھادىسىلەر:** خەلقئارالىق ھادىسىلەر دۆلەت ياكى پارتىيە سەۋىيەسىدىكى قارارلارنى چىقىرىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. كاپىتالىزم ۋە سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت ئىككى قۇتۇپ مەۋجۇت بولغان دەۋردە دۆلەتلەرنىڭ بېقىنىپ قالماي تۇرۇش

ئېھتىماللىقى چوڭ ئىدى. چۈنكى ھەر قايسى دۆلەتلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىر دۆلەتنىڭ سىياسىي تۈزۈمى بىلەن ئەخلاقىي ئۆلچىمى بىرلەشكەن ھالدا كۆرۈلىدىغان ھادىسىدۇر. بىر قۇتۇپلۇق دەۋردە ئازادلىق ھەرىكەتلىرى ئالدىدىكى خىرىس تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى دېگەن تېما پەيدا بولغان ۋە يېڭى كونسېرۋاتىپلار ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنى كونترول قىلىپ، خرىستىيان دىنىنىڭ كۆزقارىشىنى خەلقئارا سىياسەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق تەسىرى كۈچلۈك يەر شارى خاراكتېرلىك ھادىسە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققاندا ئۇلار ئىگە بولغان ئىمكانىيەتلەرنىڭ كۆپ بولغانلىقى سەۋەبىدىن دۇنيا تېررورلۇقنىمۇ خەتەرلىك بولغان بىر خەۋپكە دۇچ كەلدى.

سىياسىيون ھەرىكەتلىنىشكە مۇۋاپىق پەيت كۈتىدۇ ۋە ھەرقايسى باسقۇچلارغا ماس كېلىدىغان زۆرۈر پوزىتسىيەدە بولىدۇ. دېمەك، سىياسىيوننىڭ ئىشلارنى دىتلىشى پىكىرلەر ھەرىكەتلىنىدىغان خەلقئارالىق مۇھىتقا ئاساسەن تەڭشىلىدۇ، ئۇ ھەرگىز بوشلۇقتا ھەرىكەت قىلمايدۇ. خەلقئارالىق ھادىسە ھەر ۋاقىت تەسىرىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. سىياسىيون قانداق قىلغاندا خەلقئارالىق ھادىسىلەر ئارىسىدا ئىشلارنى تەڭپۇڭ، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرغىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا دانالىق بىلەن چوت سوقىدۇ.

دۆلەت ئەربابلىرى سۆھبەتلىشىش ماھارىتى، ئىستراتېگىيەلىك پىلان تۈزۈش، سىياسىي تەھلىل ۋە سىياسىي ئالاقە ماھارىتىگە ئوخشاش ماھارەتلەر بىلەن قوراللىنىشى لازىم. بۇ ماھارەتلەر سىياسىيوننىڭ سىياسىي بىلىمنى ئىشلىتىشىنىڭ تولۇقلىمىسى سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدۇ.

# تۆتىنچى قائىدە:

## تەۋەككۈلچىلىك ۋە قىمار ئارىسىدىكى سىياسىيون

## 4. قائىدە:

### سىياسىيون تەۋەككۇلچى بولىدۇ، ئەمما دوغا تىكمەيدۇ

سىياسىيونىنىڭ ئۇتۇق ئامىللىرىغا پۇتۇنلەي ئىگە بولۇشى قىيىن، چۈنكى سىياسىي ھەركەت مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا تەۋەككۇلچىلىك ياكى قارامىلىق تەلەپ قىلىدۇ، لېكىن قىمارۋازلارچە قارامىلىق ئەمەس (ئىنتايىن نادىر ئەھۋاللاردا بولۇشى مۇمكىن).

تەۋەككۇلچىلىك ياكى قارامىلىق سىياسىي قارار چىقىرىش جەريانى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.[5] ئەگەر بىر قارار لوگىكىلىق قائىدە - پرىنسىپقا ئۇيغۇن ھالدا چىقىرىلغاندىن سىرت، ھەرخىل ئېھتىماللىقلارغا قارشى «ب» پىلان ھەققىدىمۇ تەييارلىق بولسا، نەتىجىسى ئۇتۇقلۇق بولۇشى مۇقەررەر بولمىسىمۇ، بۇنى تەۋەككۇلچىلىك دېيىشكە بولىدۇ. ئەرەب بۈركۈتى (ئابدۇراھمان ئىبنى مۇئاۋىيە) نىڭ يالغۇز ئاتلىنىپ، ئىسپانىيەگە كىرىشى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ بەدرى غازىتىغا چىقىپ ئۇرۇش قىلىشىدا تەۋەككۇلچىلىك ھەقىقىي ئىپادىسىنى تاپقان. سىياسىيون تەۋەككۇل قىلىشقا جۈرئەتلىك بولىدۇ، تەۋەككۇل قىلالمايدىغان

[5] لوگىكىلىق قارار چىقىرىش ئالتە باسقۇچنى بېسىپ ئۆتىدۇ:

1-مۇنازىرە ئارقىلىق مەسىلىنى ئېنىقلاش ۋە مەسىلە ھەققىدىكى ئوخشىمىغان قاراشلارنى خاتىرىلەش.

2-كىرىزىسنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى ئېنىق بەلگىلەپ، ئېنىق بىر چارە ئوتتۇرىغا قويۇش.

3-كىرىزىسنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى ئېنىقلاش.

4-مەسىلىنى ھەل قىلىشى مۇمكىن بولغان ئىستراتېگىيەلەرنىڭ ھەممىنى خاتىرىلەش.

5-ئەڭ ياخشى ئىستراتېگىيەنى تاللاش.

6-ئىستراتېگىيەنى تەتبىقلاش ۋە قارارنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن پىلان تۈزۈش.

سىياسىيون ھەرگىز ئۇتۇق قازىنالمايدۇ. تەۋەككۈلچىلىك مەسىلە ياكى ۋەزىيەتتە مۇئەييەن ئېنىقسىزلىق كۆرۈلگەن ھالەتتىمۇ دادىل قارار چىقىرىش قابىلىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، سىياسىيون ھەر تەرەپتە ئېنىقسىزلىق كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ ياخشى ھەرىكەت قىلالايدۇ.

يەنە، جومۇلاڭما چوققىسىغا يامىشىپ چىققان كىشى قارام كىشى بولىدۇ. ئەمما ئۇ تاغقا يامىششتىن بۇرۇن ئوكسىگېن نىسبىتى، ھاۋا تېمپېراتۇرىسى قاتارلىق ئامىللارنى نەزەردە تۇتۇپ، شۇنىڭغا قارىتا مۇۋاپىق تەييارلىق قىلىدۇ. بۇ تەييارلىقلار ئۇنىڭ ئۇتۇق قازىنىشىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلالمايدۇ، ئەمما ئۇنى سەۋەب ئالىمى بىلەن زىچ باغلاپ تۇرىدۇ.

قىمارۋاز بولسا پىلانسىز، قارىسىغىلا ھەرىكەت قىلىدۇ ياكى پىشمىغان يۈزەكى پىلان بىلەنلا ھەرىكەت قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بېكىتكەن قائىدە: «تۆگەڭنى چىڭ باغلا، ئاندىن ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلغىن!» كۆرسەتمىسى بولسا ئىشنى مۆجىزە ۋە ئادەتتىن تاشقىرى كارامەتكە باغلىۋالماسلىق كېرەكلىكىنى، مۆجىزە ۋە كارامەتلەرنىڭ پىلانىنىڭ سىرتىدىكى ئىشلار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەككى، غەلىبىنىڭ ئوبيېكتىپ شەرتلىرىنى ھازىرلىغاندىن كېيىن ھەرىكەتكە ئۆتۈش كېرەك.

خۇلاسە كالام: سىياسىيون تەۋەككۈلچى بولىدۇ، چۈنكى سىياسەتتە كاپالەت بولمايدۇ، بەلكى مەلۇم نىسبەتتە خەتەر بولىدۇ. مەسىلەن، بىر مەسىلىدىكى 60% لىك ئۇتۇق قازىنىش ئېھتىماللىقى ئەلۋەتتە 40% لىك مەغلۇبىيەت نىسبىتىدىن ئۈستۈن بولىدۇ.

# بەشنچی قائىدە

## ساپ نیيەتلىك (ساددا) سیياسیيون ۋە ئۇيۇن قائىدىسىنى چۈشىنىش

## 5. قائىدە:

سىياسىي ئويۇننىڭ قائىدىسىدىن ياخشى پايدىلانمىغاندا، ساپ نىيەت سىياسىيوننى ئارقىمۇئارقا مەغلۇبىيەتكە دۇچار قىلىدۇ.

سىياسەت پەقەت ساپ نىيەت ياكى ئۇلۇغۋار پىرىنسىپلار بىلەنلا ئوينالمايدۇ. چۈنكى ئۇلۇغۋار پىرىنسىپ ساھىبى چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ دەيدىغان گەپ يوق. چۈنكى سىياسەت شاھمات ئويۇنىغا ئوخشايدۇ. زىرەكلىك، تالانت ۋە ئويۇننىڭ قائىدە - پىرىنسىپلىرىنى ياخشى بىلىش قاتارلىق ئامىللار ئويۇندا يېڭىش - يېڭىلىشكە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنداقلا سىياسەت شىشىخال ئويۇنى ئەمەس. شىشىخالدا ئويۇنچى: «يا پىر!» دەپلا ئۇتۇش نىيىتى بىلەن قولىدىكى ئۇرۇقنى ئاتىدۇ.

ھەر قانچە توغرا پىرىنسىپ ساھىبى بولسىمۇ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگىدەك ئەمەلىي تەييارلىقى بولمايدىكەن، ھەرگىز غەلىبە قىلالمايدۇ. ئىلاھىي ياردەم ھەققە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ئەمما ئۇ گول پالۋانلارنىڭ تەرىپىدە تۇرمايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**لَّيْسَ بِأَمَانِيِّكُمْ وَلَا أَمَانِيِّ أَهْلِ الْكِتَابِ مَن يَعْمَلْ سُوءًا يُجْزَ بِهِ وَلَا يَجِدْ لَهُ مِن دُونِ اللَّهِ وَلِيًّا وَلَا نَصِيرًا**﴾.

«بۇ جەننەت سىلەرنىڭ ۋە ئەھلى كىتابنىڭ قۇرۇق ئارزۇسى بىلەنلا قولغا كەلمەيدۇ. كىمكى بىر يامانلىق قىلىدىكەن، ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن جازالىنىدۇ، ئۆزى ئۈچۈن ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق دوست ۋە مەدەتكار تاپالمايدۇ»، (سۈرە نىسا، 123 - ئايەت).

تەييارلىقسىز ياردەم كۆتۈپ ئولتۇرۇش، سىياسىي پائالىيەت ئۈچۈن يېتەرلىك ماددىي ۋە مەنىۋى تەييارلىقلارغا ئىگە بولماسلىق ۋە سىياسەتنى چۈشىنىشكە سەل قاراش خەتەرلىك ئەھۋال بولۇپ، ھەرىكەت ساھىبىنىڭ نىيىتى ھەر قانچە گۈزەل، نىشانى ئۇلۇغ، قەلبى ساپ بولغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا ئۇنى مەغلۇبىيەتكە دۇچار قىلىدۇ.

مەسىلەن، ھۈسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ گۈزەل نىيىتى ئۇنى ۋە ئەگەشكۈچىلىرىنى مەغلۇبىيەتتىن ساقلاپ قالالمىغان ئىدى. ئەللامە ئىبنى خەلدۇن «مۇقەددىمە» ناملىق مەشھۇر كىتابىدا ھۈسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كەربالادا شېھىت قىلىنىشى توغرىسىدا توختالغان. ھۈسەين ئىراقتىكى ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ تەييارلىقى ۋە ئۇلارنىڭ كۈچىنى مۆلچەرلەشتە پىرىنسىپال خاتالىق ئۆتكۈزگەن. ئىبنى خەلدۇن ھۈسەيننىڭ خاتالىقى دۇنياۋى خاتالىق، ھەرگىز دىنىي خاتالىق ئەمەس، دەپ ئەسكەرتكەن. ئىبنى خەلدۇننىڭ قارىشى بويىچە، ھۈسەين جەڭ پىلانى ۋە جەڭ تەييارلىقىدا خاتالىق ئۆتكۈزگەن، ئۇ شەرئى پىرىنسىپتا خاتالاشمىغان[6].

ھۈسەيننىڭ قوشۇنىغا كۇفەنىڭ ئەڭ ئېسىل ئۆلىمالىرىدىن ئون بەش كىشى قېتىلغان. ئۇلارنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرى: سەئىد ئىبنى جۇبەير ۋە ئامىر شەئبىي ئىدى. ئەپسۇسكى، بۇلار مەغلۇبىيەتكە دۇچار بولدى. كاتتا ئالىم سەئىد ئىبنى جۇبەير قاتارلىق نۇرغۇن ئادەم ھەججاج تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، شەئبىي ۋە ھەسەن بەسرىي كەچۈرۈم سوراپ، خاتالىقى كەچۈرۈم

[6] دوكتور مۇھەممەد مۇختار شەنقىتى، سۇداندىكى ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ ئىستراتېگىيەسى ۋە تەشكىلى تۈزۈمى.

قىلىنىدى. شۇنىڭ بىلەن مەدىنە ئۆلىمالىرى سۇلتان زالىم بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارغا قارشى چىقىشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا پەتىۋا بەردى.

ساپ نىيەتنىڭ ئۆزى بىلەنلا جەمئىيەت قۇرغىلى بولمايدۇ، شۇنداقلا تارىخنىڭ يۆنىلىشىنىمۇ ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ[7].



[7] ئىلگىرىكى مەنبە.

# ئالتىنچى قائىدە



## سىياسىيون دۇنيانى ئۆز پېتى كۆرىدۇ

(دۇنياغا ئوبيېكتىپ قارايدۇ)

## 6. قائىدە:

**سىياسىيون رېئاللىقنى سىياسىي ھەرىكەت قىلماقچى ياكى قارار چىقارماقچى بولغاندا ئارزۇ قىلغىنى بويىچە كۆرمەستىن، ئەكسىچە كۆز ئالدىدىكى رېئال ھالىتىگە قارايدۇ.**

سىياسىيون ئۆزى ياشاۋاتقان رېئاللىقنى چىقىش قىلىپ، ئۇنى تېخىمۇ ياخشىلاشنى نىشان قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سىياسىيونىنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن ئارزۇسىدا خاتالىشىشى قوبۇل قىلغىلى بولسىمۇ، ئۆزى ياشاۋاتقان رېئاللىقنى خاتا چۈشىنىپ، رېئاللىقنى ئەمەلىي كونترول قىلىپ، ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ تۇرۇۋاتقان رەقىبلىرىنى دۆت چاغلاپ قالسا ياكى ئۇلارنى سەھنىدىن چۈشۈرۈشكە ھەرىكەت قىلماي تۇرۇپ، سەھنىدىن ئۆزلۈكىدىن چۈشىدۇ دەپ قالسا، ياكى ئوخشاش قاراشتا (پىكىردە) ۋە ئوخشاش يولدا بولمىغانلارنىڭ ھەممىسى خاتا يولدا دەپ قارىسا، ياكى رەقىبلەرنىڭ ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەپ، قاتمال سىياسەت يۈرگۈزسە، بۇلارنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ.

سىياسىيون بۇنداق كۆپتۈرۈش (ئاشۇرۇۋېتىش ۋە مۇبالىغە قىلىشتىن) يىراق تۇرۇشى لازىم. سىياسىيونىنىڭ ئىشى ئۆزىنى چوڭ چاغلاپ، ئۆزىنى ئالداش ئەمەس. چۈنكى سىياسىي ئويۇن ئاخىرىدا ھەقىقىي ئىقتىدار ئىگىسىنى ۋە كىمنىڭ تالانتى بارلىقنى ئېچىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سىياسىيون رېئاللىققا ئەمەلىيەتچانلىق ۋە ئەقلىيلىك بىلەن قارىشى لازىم. سىياسىيون

رېئاللىقنى توغرا چۈشەنگەندىلا ئۇنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن مۇناسىپ پىلان تۈزەلەيدۇ. سىياسىيون بولغان كىشى ناۋادا رېئاللىقنى خىيالدىكىدەك تەسەۋۋۇر قىلىدىكەن، بۇ چاغدا ئۇ خىيالىي جەڭگە كىرىپ قالىدۇ (دونكىخوتنىڭ يولىدا مېڭىپ قالىدۇ). تارىخ ئەڭ غايىۋى دۇنيا قۇرۇشنى ئارزۇ قىلغان، خىيالپەرەس رەھبەرلەرگە شاھىت بولغان، ئەمما رېئاللىقنى توغرا مۆلچەرلىيەلمىگەنلىكى ئۈچۈن كۆپىنچىسىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى بەربات بولغان.

بۇنىڭ مىسالى ناھايىتى كۆپ. قەدىمكى دەۋرلەردە ئۇتۇق قازانغان بىر قىسىم قوماندانلارنى ئۇچرىتىمىز. ئۇلار ئىمكانىيىتىدىن ھالقىغان ئىشقا قول ئۇزاتقاندا مەغلۇپ بولغان.

مەسىلەن، تارىختىكى رۇم ئىمپېرىيەسى ۋە ئىسلام دۆلەتلىرىگە قارىساق، ئۇلارنىڭ مەغلۇبىيەت سەۋەبلىرىدىن بىرى كۈچىنى زېمىن كېڭەيتىشكىلا قارىتىپ، ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان تاپالمىغانلىقى ئىدى. يېقىنقى دەۋردىكى ناتسىست گېرمانىيە، فاشىست ئىتالىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەغلۇبىيىتىمۇ بۇنىڭ تىپىك مىسالى ھېسابلىنىدۇ.

ھازىر بولسا ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى دىنىي ئىدېئولوگىيەلىك ئەقلىيەتنىڭ (رادىكال كونسېرۋاتىپلار ۋە خرىستىيانلار) رەھبەرلىك قاتلىمىغا ھۆكۈمران بولۇشى نەتىجىسىدە ئافغانىستان ۋە ئىراق ۋەزىيىتىنى نەقەدەر ئېغىر دەرىجىدە خاتا مۆلچەرلىگەن بولۇپ، بۇ خاتالىقلارنىڭ بەدىلىنىڭ قانداق بولغانلىقى ھەممىگە ئايان.

# يەتتىنچى قائىدە:

## سىياسىيوننى چېگىش، مۇرەككەپ ۋەزىيەت قورقىتالمايدۇ

## 7. قائىدە:

**ھەقىقىي سىياسىيون مەغلۇبىيىتىنى ۋەزىيەتنىڭ مۇرەككەپلىكىگە ئارتىپ قويمايدۇ.**

سىياسىي ۋەزىيەت رايون ۋەزىيىتى ۋە خەلقئارالىق ۋەزىيەت بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن بولىدۇ.

ئادەتتە كۆپىنچە توقۇنۇشلاردا بىۋاستە رەقىبتىن باشقا يەنە ئىككىلەمچى تەرەپلەرمۇ مەيدانغا چىقىدۇ. شۇڭلاشقا سىياسىيون ئۆز مەغلۇبىيىتىنى ۋەزىيەتنىڭ مۇرەككەپلىكىگە ئارتىپ قويماسلىقى كېرەك. ئەگەر سىياسىي ئويۇن كۆڭۈلدىكىدەك شارائىتتا ئېلىپ بېرىلسا ئىدى، ھېچكىمنىڭ كۈچلۈك ۋە قابىلىيەتلىك رەھبەرگە ھاجىتى چۈشمەيتتى. چۈنكى رەھبەرلىكنىڭ مەسئۇلىيىتى مۇرەككەپ ۋەزىيەت ۋە ھەرخىل تەرەپلەر چىقىشقان مەيداندا تەدبىرنى ياخشى تۈزۈپ، نىشانغا قاراپ توغرا ھەرىكەت قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ مەيداندىكى مۇرەككەپلىك ئۆلارغا ناتونۇش (تاسادىپىيلىق) تۇيۇلماسلىقى كېرەك. ئەكسىچە كۆڭۈلدىكىدەك جەريان ۋە ئاسان ۋەزىيەتنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى مۆجىزە خاراكتېرلىك ئىش (ھېسابلىنىدۇ).

مەسىلەن، خىتاي دۆلىتىنىڭ رەھبىرى ماۋزېدوڭ ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىكى مۇرەككەپ ۋەزىيەتنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئىنقىلابتا غەلىبە قىلدى. ئۇ تۇنجى قېتىملىق مەغلۇبىيىتىنى شارائىتقا دۆڭگەپ قويماستىن، بەلكى ئىستراتېگىيەسىنى ئۆزگەرتىپ، خىتاي دۆلىتىنى ئازات قىلىش ئۈچۈن قوشۇننىڭ

ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى قايتا تەڭشىدى.

رەھبەر ۋەزىيەتنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۆزگىرىپ بېرىشىنى كۈتمەيدۇ، بەلكى ئەھۋال قانچە مۇرەككەپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى ئۆزگەرتىشكە مۇناسىپ ھالدا ئىستىراتېگىيەنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ.

رېئاللىقتا ۋەزىيەتنىڭ مۇرەككەپ بولىدىغانلىقى ھەممىگە ئايدىڭ. ئۇنداق بولغانىكەن، سىياسىيون نىشاننى بېكىتكەندە مۇشۇ ئەھۋالنى نەزەرگە ئېلىشى مەنتىقىلىق تەلەپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق بولغاندا، سىياسىيوننىڭ شارائىتنىڭ مۇرەككەپلىكىدىن قاقشاپ ئولتۇرۇشىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمايدۇ، بەلكى ئۇ ئۇتتۇق قازىنىش پۇرسىتى پەيدا بولۇش ئېھتىماللىقىدىن قاچماي ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردىن خەۋەردار بولۇپ، ۋەزىيەتنى قايتا تەھلىل قىلىشى لازىم.

# سەككىزىنچى قائىدە:

سىياسىيون ئىشنىڭ قىين – تەسلىكىگە قارىمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ مەنتىقىلىق پىرىنسىپىغا قارايدۇ.

## 8. قائىدە:

سىياسىيون باشقىلارنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرىدىن بەكرەك، ئۇ ئىشلارنىڭ مەنتىقىسىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

بىر سىياسىي تەرەپ يەنە بىر سىياسىي تەرەپنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە قارشى ھەرىكەتكە ئۆتۈشتە تۈنجى بولۇپ قارشى تەرەپنىڭ نىشانى نېمە؟ ئۇلارنىڭ نىشانى ئۆزىنىڭ نىشانى ۋە پىلانىغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟ دېگەنلەرگە نەزەر سېلىشى ۋە ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىگە دىققەت قىلىشى كېرەك. سىياسىيون ئۇنىڭ بىلەنلا بولدى قىلماستىن، بەلكى ئۇ ئىشنىڭ كەينىدىكى مەنتىقىگە قارىشى، ئاندىن بۇ ئىش نەگە بارىدۇ؟ ئاقىۋەتتە ئۇنىڭدىن قانداق نەتىجە چىقىدۇ؟ دېگەن مەسىلىلەرگە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

ئىشلارنىڭ يۈنىلىشى، ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە نەتىجىسىنى ئايدىڭلاشتۇرغاندىلا، شۇنىڭغا مۇناسىپ شەكىلدە قول تىقىش ئۈچۈن پىلان تۈزگىلى بولىدۇ. بۇ پىلان يا ئۆزىنىڭ ھەرىكەت پەلسەپىسىنى، نىشانلىرىنى ۋە ئۇسلۇبلىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ياكى قارشى تەرەپنىڭ پەلسەپىسىنى، نىشانلىرى ۋە ئۇسلۇپلىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تۈزۈلىدۇ.

مەسىلەن، ئەنگلىيەنىڭ شىن فىين ۋە شىمالىي ئىرلاندىيە ئارمىيەسىنى ئۇزۇل ـ كېسىل قىرىپ يوقىتىش ئۇسۇلىنى ئاسسىملىياتسىيە قىلىپ يوقىتىشقا ئۆزگەرتكەنلىكىگە ۋە ئىرلاندىيە ئارمىيەسىنىڭ ئۇسۇلىنى تەلتۆكۈس ھەل قىلغۇچ غەلىبە ئىدىيەسىدىن، سىياسىي باراۋەرلىككە ئۆزگەرتكەنلىكىگە قاراڭ. بۇ مودېلنى (ئەندىزىنى) تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن ئەنگلىيە بىلەن شىمالىي ئىرلاندىيە ئارىسىدىكى

توقۇنۇشىنىڭ پەلسەپە، نىشان ۋە ئۇسۇللىرىنىڭ ئۆزگىرىشلىرىنى تەتقىق قىلىش كېرەك.

# توققۇزىنچى قائىدە:



**سىياسەتچى نىشاننى ئىنچىكە بەلگىلىشى، ئۇقۇنىڭ بېشىنى توغرىلىشى ۋە ھەرىكەتكە شارائىت ھازىرلىشى لازىم**

## 9. قائىدە:

يېتىلگەن سىياسىيون ئادەتتە كۆپ نىشان ئارىسىدا تېڭىرقىمايدۇ، ئەكسىچە نىشاننى ئېنىق بەلگىلەيدۇ.

نىشان سىياسىيونغا نىسبەتەن روشەن ھەم ئېنىق بولۇشى كېرەك. نىشانىنىڭ روشەن بولۇشى كۈچ تەڭشەش ۋە ئۇنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا تەسىر كۆرسىتىدۇ. چۈنكى سىياسىي ئويۇندا كۆزنى نىشاندىن ئۈزۈپ قويۇشقا بولمايدۇ، نىشان ئىنچىكە بېكىتىلگەندە، ئۇق ئۆلچەملىك بولغاندا ۋە باشقا شەرتلەر ھازىرلانغاندا ئۇقنىڭ نىشانغا تېگىش نىسبىتى يۇقىرى بولىدۇ.

**مىسال:** ئىران

ئىران ئىنقىلابىنىڭ سىياسىي نىشانى پادىشاھلىق تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى تۈزۈم ئورنىتىش ئىدى. خۇمەينىينى مەقسىتىدىن ياندۇرۇش ئۈچۈن پادىشاھ تەرىپىدىن قانداق تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى؟

**پادىشاھ:** دۆلەت تۈزۈمىسىنى خۇمەينى رازى بولغىدەك دەرىجىدە ئۆزگەرتىش. خۇمەينىنىڭ جاۋابى: ياق، سەن تەختنى بوشىتىشىڭ كېرەك.

**پادىشاھ:** بەختىيار باشچىلىقىدىكى مىللىي تۈزۈلمە ئۆتكۈنچى باسقۇچ سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويىدى.

**خۇمەينىينىڭ جاۋابى:** ياق، پادىشاھ يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئورۇن بوشىتىشى كېرەك.

خۇمەينىينىڭ ئۇنچىۋالا قاتتىق پوزىتسىيە تۇتۇشىنىڭ سەۋەبى

ئۈنىڭ نىشانى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. ئۇ بولسىمۇ پادىشاھ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇش. شۇڭا ھۇمەينىي دىققىتىنى پەقەت ئىشنىڭ مەركىزىي نۇقتىسىغا مەركەزلەشتۈردى، نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كېرەكلىك ئامىللارنى تەييارلىدى ۋە نىشاندىن ھەرگىز ئادىشىپ قالماسلىقنى، ئىككىلەمچى مەنپەئەتلەرگە ئالدانماسلىقنى قارار قىلدى.

دېمەك، نىشانىنى ئېنىق بېكىتكەندە شۇنىڭغا مۇناسىپ ئوق ئۈچلاپ، غەلبە شەرتلىرىنى ھازىرلىغىلى بولىدۇ.

# ئونىنچى قائىدە:

## سىياسىيون ئاساسىي مەنپەئەت بىلەن ئىككىلەمچى مەنپەئەت ئارىسىدا

**10. قائىدە:**

**سىياسىيون ئاساسىي ۋە ئىككىلەمچى مەنپەئەتلەرگە پەرقلىق قارايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ مەقسىتى ئاساسىي مەنپەئەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش.**

سىياسىي ھەرىكەتتە قولغا كېلىدىغان نەتىجە ياكى مەنپەئەتلەرنى ئىككى تۈرگە ئايرىيمىز:

• **ئاساسىي مەنپەئەت:** سىياسىيونىنىڭ قولغا كەلتۈرەلەيدىغان ۋە ساقلاپ قالالايدىغان مەنپەئەتلەر.

• **ئىككىلەمچى مەنپەئەت:** رەقىب تەرەپ سىياسىيونغا خالىغان ۋاقىتتا بېرىپ، خالىغان ۋاقىتتا قايتۇرۇپ ئالالايدىغان مەنپەئەتلەر.



بىر سىياسىي تەرەپ باشقا بىر تەرەپ سىياسىي بىلەن سۆھبەتلەشكەندە ئادەتتە بىر قىسىم ئىككىلەمچى مەنپەئەتلەرنى قارشى تەرەپنى رازى قىلىش ئۈچۈن بېرىدۇ ـ دە، قارشى تەرەپ غەلىبىگە ئېرىشتۇقمۇ دەپ ئويلاپ، جىددىيلىك مەلۇم دەرىجىدە پەسىيىدۇ. لېكىن كۆپ ھاللاردا رېئال ئاساسىي مەسىلىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ ھاللاردا دۆلەتتىكى ھاكىمىيەتنىڭ ئۆكتىچىلەردىن زېرەكراق ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇ ھاكىمىيەت مەلۇم كىرىزىسقا يولۇققاندا ياكى تاقابىل تۇرالمايدىغان خەلقئارالىق بېسىمغا دۇچ كەلگەندە ئىككىلەمچى مەسىلىدە چېكىنىپ تۇرۇۋالمايدۇ، بەلكى ئۇ مەسىلىدە بىرئاز يول قويىدۇ، بېسىم ئاخىرلاشقاندا قىيىنچىلىقتا يول قويغان مەنپەئەتلىرىنى قايتۇرۇۋالىدۇ. بۇ چاغدا بۇرۇن بېسىم

پەيدا قىلغان كۈچنىڭ قايتا بېسىم ئىشلىتىش ئىمكانىيىتى بولمايدۇ. سىياسىيونلار ئاساسىي ۋە ئىككىلەمچى مەنپەئەتلەرنى ئېنىق پەرقلەندۈرىدۇ. قوغداشقا ۋە قۇربان بېرىشكە تېگىشلىك ئاساسىي مەنپەئەت، كۈچ ۋە سىياسىي تەڭپۇڭلۇققا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان مەنپەئەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ.

**مىسال:** نامايىشچىلار ھەرىكىتى نامايىشىدىكى كرىزىس:

ئامېرىكىدا ئىرقىي كەمسىتىشكە قارشى قوزغالغان قارا تەنلىكلەر ھەرىكىتى باشلىنىشتا زور كۈچ ھاسىل قىلدى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى سىياسىي تۈزۈلمىنىڭ ئۇلىنى تەۋرىتىپ قويۇش ئېھتىمالى بولغان غايەت زور كىشىلەردىن تەشكىللەنگەن بۇ نامايىش ئالدىدا قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بۇ ئەھۋالدا قانداق قىلىشى كېرەك؟

ھۆكۈمەت ئەگەر نامايىشچىلار مەۋجۇت پارتىيەلەردە ۋە ياكى يېڭىدىن قۇرۇلماقچى بولغان پارتىيەلەر ئارقىلىق مەۋجۇت تۈزۈلمە دائىرىسىدە ئاشكارا ھەرىكەت قىلغان ئەھۋال ئاستىدا ئۇلارنىڭ بارلىق تەلەپلىرىگە قوشۇلىدىغانلىقىغا ۋەدە بەرگەن.

نەتىجىدە تارىختا «نامايىشچىلار ھەرىكىتى كرىزىسى» كېلىپ چىقتى. يەنى ھۆكۈمەتنىڭ ۋەدىسىگە ئىشىنىپ، نامايىشنى ئاخىرلاشتۇرۇشى كېرەكمۇ ياكى نامايىشلىرىنىڭ داۋاملىشىشىغا ئىشەنچىسى يوق ھالەتتە كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنى قۇربان قىلىشى كېرەكمۇ؟

بۇنداق ئەھۋالدا ئىككى ئىشنىڭ بىرى يۈز بېرىدۇ: بىرى،

ھەربىر دۆلەت ئۆز ئىچىدىن پارچىلىنىدۇ ياكى كۆز ئالدىدىكى ھۆكۈمەت سۇنىغان تاللاشنى قوبۇل قىلىدۇ. ھەر ئىككى ئەھۋالدا ھۆكۈمەت پايدا ئالىدۇ ۋە نامايىشنى تارقىتىۋېتىش مەقسىتىگە يېتىدۇ. جىددىي ھالەت پەسەيگەندە، دەسلەپتە ئۇلارغا سۇنۇلغان مەنپەئەتلەر توغرىسىدا سۆھبەت باشلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نامايىشچىلارنىڭ نامايىشقا ۋە ئارزۇلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان رەھبەرلىرىگە قارىتا ئىشەنچىسى ئاجىزلاپ كېتىدۇ. نامايىش رەھبەرلىرىمۇ نامايىشچىلارنىڭ ئۇلارنى ئاخىرىغىچە قوللىماسلىقىدىن ئەنسىرەشكە باشلايدۇ. بۇ ھالەت نامايىشچىلار كىرىزىسى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق ھالەت مۇئەييەن خەلقنىڭ بېسىمغا تايانغان ھەر قانداق سىياسىي ھەرىكەت دۇچ كېلىدىغان ئەھۋال. يەنى خەلق ھۆكۈمەتكە بېسىم قىلىش كۈچى تەشكىللىگەندە ھۆكۈمەت ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىگە قارىتا مۇئەييەن تەكلىپلەرنى سۇنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ھۆكۈمەت كېيىن خالىسا تارتىۋالالايدىغان ئازغىنە مەنپەئەتمۇ ياكى ئاخىرغىچە مېڭىپ ھەممىدىن قۇرۇق قېلىش ئېھتىماللىقىمۇ؟ دېگەن تاللاش ئالدىدا قارار چىقىرىش تەسلىشىدۇ.



## شەرقىي ياۋروپانىڭ تەجرىبىسى:

شەرقىي ياۋروپانىڭ كۈرەش تەجرىبىسىگە قارىساق، ئۇلار كۆپ ھاللاردا سودىلىشىشنى قوبۇل قىلمىغان.

2000 ـ يىلىدىكى سىربىيە ئۆكتىچىلىرىنىڭ مىلوسوفىتىش بىلەن بولغان ماجىراسىغا قارايدىغان بولساق، ئۇلار نامايىش كىرىزىسىدىن ساۋاق ئالغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئۇلار ھاكىمىيەت بېشىدىكى سىياسىي تۈزۈلمە بىلەن بولغان داۋالغۇشتا

ھۆكۈمەتنىڭ سايلامغا ۋە سايلام نەتىجىسىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئېھتىماللىقى بارلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، سايلامدىن كېيىن خەلقنىڭ تەلىپى قاندۇرۇلمىسا قانداق قىلىش كېرەك؟ دېگەن مەسىلە ھەققىدە پىلان تۈزگەن. پىلانىنىڭ دائىرىسى يالغۇز سايلامغا بېرىشتىن ھالقىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار داۋالغۇشنى يۇقىرى پەللىگە چىقارغان. شۇنداقلا قايتا سايلام ئېلىپ بېرىش ئەمەس، بەلكى قارارنى كوچىغا چىققان خەلقنىڭ قارار چىقىرىشىغا قويۇپ قويغان.

بۇ مەسىلىدە كۈچ سىېلىشتۇرمىسىدا ئاجىز كۆرۈنگەن تەرەپنىڭ زىرەكلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ، چۈنكى ئۇلار پۈتۈن ئېھتىماللىقلارنى نەزەرگە ئېلىپ، ھاكىمىيەتنى ساقلاپ قالىدىغان پىلاننى بۇزۇپ تاشلىغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خەلق ھەرىكىتىنى تىنچ شەكىلدىكى نامايىشقا ئايلاندۇرۇپ، ئىككىلەمچى مەنپەئەت ئۈستىدە سودىلاشمىغان. نەتىجىدە مەۋجۇت تۈزۈلمىنى دېموكراتىك تۈزۈلمىگە ئايلاندۇرالىغان.

## رەسۇلۇللاھنىڭ مەككە مۇشرىكلىرى بىلەن بولغان تەجرىبىسى

قۇرەيشلەر رەسۇلۇللاھنى ئىككىلەمچى مەنپەئەتلەرگە ماقۇل كەلتۈرمەكچى بولۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋەتتىن ۋاز كېچىشى بەدىلىگە ئۇنى پادىشاھ قىلماقچى بولغان. ناۋادا رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ تەكلىپىگە كۆنسە، ئۇلار چوقۇم كېيىدىن يېنىۋېلىپ، ئۇنى پەيغەمبەر ئەمەس، بەلكى پەيغەمبەرلىكنى دەۋا قىلىپ

ھوقۇققا ئېرىشمەكچى دەپ تۆھمەت قىلىشى مۇمكىن ئىدى. مۇشرىكلارنىڭ مۇددىئاسىنى ئۇتبە ئىبنى رەبىيئە مۇنداق ئىپادىلىگەن ئىدى: «ناۋادا دەۋەت قىلىشتىكى مەقسىتىڭ پۇل - مالغا ئېرىشىش بولسا، بىز ساڭا پۇل يىغىپ، ئەڭ باي كىشىگە ئايلاندۇرايلى. ئەگەر يۈز - ئابرۇيغا ئىگە بولۇشنى كۆزلىگەن بولساڭ، بىز سېنى ئاقساقال قىلايلى، سېنىڭ مەسلىھەتىڭسىز ھېچ ئىش قىلمايلى. ناۋادا پادىشاھ بولماقچى بولساڭ، بىز سېنى پادىشاھ قىلايلى».

ئۇلار بۇ تەلەپلەر بىلەن مەقسىتىگە يېتەلمىگەندىن كېيىن رەسۇلۇللاھقا ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھلىرىغا بىر يىل چوقۇنۇش، ئۇلارمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ رەببىگە بىر يىل ئىبادەت قىلىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئەسۋەد ئىبنى ئەبدۇلمۇتتەلىب، ۋەلىد ئىبنى مۇغىيرە، ئۇمەييە ئىبنى خەلەف ۋە ئاس ئىبنى ۋائىل قاتارلىقلارنى ئەۋەتكەن. ئۇلار:

_ ئى مۇھەممەد! كەل، بىزمۇ سەن ئىبادەت قىلغان ئىلاھقا ئىبادەت قىلايلى، سەنمۇ بىز چوقۇنغان ئىلاھلارغا چوقۇنغىن. ناۋادا سېنىڭ ئىلاھىڭ بىزنىڭ ئىلاھلىرىمىزدىن ياخشى بولسا، بىز ئۇنىڭدىن نېسىۋىمىزنى ئالارمىز، ئەگەر بىزنىڭ ئىلاھلىرىمىز سېنىڭ ئىلاھىڭدىن ياخشى بولسا، سەنمۇ ئۇنىڭدىن مەنپەئەت ئالارسەن، ــ دېگەن[8].

مۇشرىكلار بار ئامالىنىڭ ھەممىنى قىلىپمۇ مەقسىتىگە يېتەلمىگەندىن كېيىن رەسۇلۇللاھقا قۇرئان كەرىمدىن ئۇلارنى غەزەپلەندۈرىدىغان بەزى ئايەتلەرنى چىقىرىۋېتىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ

[8] دوكتور ئەلى سەللابى، رەسۇلۇللاھنىڭ تەرجىمھالى ۋە تەھلىلى.

يولسىز تەلىپىگە كەسكىن جاۋاب بېرىپ، مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلغان: [**وَإِذَا تُتْلَىٰ عَلَيْهِمْ آيَاتُنَا بَيِّنَاتٍ ۙ قَالَ الَّذِينَ لَا يَرْجُونَ لِقَاءَنَا ائْتِ بِقُرْآنٍ غَيْرِ هَٰذَا أَوْ بَدِّلْهُ ۚ قُلْ مَا يَكُونُ لِي أَنْ أُبَدِّلَهُ مِن تِلْقَاءِ نَفْسِي ۖ إِنْ أَتَّبِعُ إِلَّا مَا يُوحَىٰ إِلَيَّ ۖ إِنِّي أَخَافُ إِنْ عَصَيْتُ رَبِّي عَذَابَ يَوْمٍ عَظِيمٍ**].

«ئۇلارغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز روشەن هالدا تىلاۋەت قىلىنسا، بىز بىلەن ئۇچرىششنى ئۈمىد قىلمايدىغانلار: «بۇنىڭدىن باشقا بىر قۇرئاننى كەلتۈرگىن ياكى ئۇنى ئۆزگەرتكىن» دەيدۇ. ئېيتقىنكى: «مەن ئۇنى ئۆزلۈمچە ئۆزگەرتەلمەيمەن، مەن پەقەت ماڭا قىلىنغان ۋەھيىگىلا ئەمەل قىلىمەن؛ ئەگەر مەن رەببىمگە ئاسىيلىق قىلسام، ئەلۋەتتە بۈيۈك كۈننىڭ ئازابىدىن قورقىمەن»» (سۈرە يۇنۇس، 15 ـ ئايەت).

# ئۈچىنچى قىسىم

# سىياسىي ھەرىكەتنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى

# بىرىنچى قائىدە:

## توقۇنۇشنىڭ تۈرىنى ۋە توقۇنۇشۇۋاتقان تەرەپلەرنى

## ئايدىڭلاشتۇرۇش

## 1. قائىدە:

**سىياسىي ھەرىكەتنىڭ بىرىنچى باسقۇچى: توقۇنۇشنىڭ تۈرى، خاراكتېرى ۋە توقۇنۇشقۇچىلارنى تەرەپلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش.**

سىياسىي ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانغان كىشى قارار چىقىرىشتىن ئىلگىرى توقۇنۇشنىڭ رىقابەت خاراكتېرىدىكى توقۇنۇشمۇ ياكى يەنە بىر تەرەپنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا يول قويمايدىغان ھايات ـ ماماتلىق توقۇنۇشمۇ؟ دېگەننى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى لازىم. بۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇش سىياسىي كۈرەشكە قەدەم قويۇش ئۈچۈن پىلان تۈزۈشكە ئالاھىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ناۋادا توقۇنۇش ھايات ـ ماماتلىق توقۇنۇش بولسا، سىياسىيون توقۇنۇشنى رىقابەت خاراكتېرىدىكى توقۇنۇش دەپ قاراپ قالسا، قانداق ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ؟

بۇ ۋاقىتتا سىياسىيون دۆلىتىنى، پارتىيەسىنى ياكى ئۇنىڭ ۋەكىللىكىدىكى تەشكىلاتنى ھالاكەتكە دۇچار قىلىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ رەقىبى بۇنداق توقۇنۇشنىڭ قايتا تەكرارلانماسلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ پۇرسەت بەرمەيدۇ.

**توقۇنۇشنىڭ خاراكتېرى كىم تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ؟**

توقۇنۇشنىڭ خاراكتېرى كۈچلۈك ۋە ئەمەلىي ھوقۇققا ئىگە تەرەپنىڭ ئىرادىسى بىلەن بەلگىلىنىدۇ. كۆپ ھاللاردا كۈچلۈك تەرەپ توقۇنۇشنى ھايات ـ ماماتلىق توقۇنۇش دەپ قاراپ، قارشى تەرەپ ئۇنىڭ بىلەن تىنچ ياشاش ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا يول قويمايدۇ.

**كۈچلۈك تەرەپنىڭ توقۇنۇشنى ھايات ـ ماماتلىق توقۇنۇشقا ئايلاندۇرۇش نىيىتىنى قانداق بىلىمىز؟**

قارشى تەرەپنىڭ تەپەككۇر ئەندىزىسىنى ۋە ئۇنىڭ توقۇنۇشقا قانداق قارايدىغانلىقىنى بەلگىلى بولىدىغان بىر قانچىلىغان ئالامەتلەر بار:

1) ئىلگىرىكى تارىخىي تەجرىبە: بىز سىياسىيونىنىڭ ئۆتمۈشتىكى ھەرىكەتلىرىنى بىلگىنىمىزدە، ئىلگىرىكى تارىخىي ھادىسىلەرنى خۇلاسىلەش ئارقىلىق ئۇنىڭ توقۇنۇشقا قانداق پوزىتسىيە تۇتىدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرالايمىز، چۈنكى ئۇ كۆپ ھاللاردا ئىلگىرىكى تەجرىبىسىگە تايىنىدۇ.

2) ئىپادىسىگە قاراش: بەزىدە كۈچلۈك تەرەپ ھەرىكەتلىرىدە توقۇنۇشقا قانداق قارايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئىپادىلەرنى قوللىنىدۇ.

3) رېئال ۋەزىيەت: نۆۋەتتىكى رېئاللىق ۋە رەقىبنىڭ ھەرىكەت يۆنىلىشى توقۇنۇشنىڭ ھايات ـ ماماتلىق توقۇنۇشمۇ ياكى

رىقابەت تۈسىدىكى توقۇنۇشمۇ؟ دېگەننى بەلگىلەشكە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

شۇنداقلا توقۇنۇشقا كىرگەن تەرەپلەرنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسى ۋە كۈچ ئالاھىدىلىكىدىن توقۇنۇشنىڭ خاراكتېرىنى بىلىش مۇمكىن. كۈچ تەڭپۇڭ بولغان ئەھۋالدا توقۇنۇش سۆھبەتلىشىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا توقۇنۇش بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ كېتىدۇ. ئىككى تەرەپ ياكى توقۇنۇشۇۋاتقان تەرەپلەر يادرو قورالىغا ئوخشاش قىرغۇچى قورالغا ئىگە بولغان ئەھۋالدا تەرەپلەر سۈلھىلىشىشكە مايىل بولىدۇ.

## توقۇنۇشۇۋاتقان تەرەپلەرنى ئېنىق بەلگىلەش



سىياسىيون سىياسىي ھەرىكەتتە مەيداندىكى تەرەپلەر (بىۋاستە ۋە قوشۇمچە تەرەپ) ۋە ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولغان كۈچ - قۇۋۋەتنى توغرا مۆلچەرلىيەلەيدۇ ھەمدە مەۋجۇت ئامىللار شەكىللەندۈرگەن سىستېمىغا بىر پۈتۈن قانداق مۇئامىلە قىلىش ھەققىدە باش قاتۇرىدۇ. توقۇنۇش پەقەت بىۋاستە رەقىب بىلەنلا بولىدۇ، دەيدىغان يۈزەكىي قاراشتىن يىراق تۇرىدۇ. توقۇنۇشنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى، رايوندىكى ۋە خەلقئارادىكى چېتىلىش دائىرىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، بەزى تەرەپلەرنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش، يەنە بەزىسىنى بىتەرەپ ھالەتنى ساقلاشقا كۆندۈرۈش ئۇچۇن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ.

سىياسىيون پۈتۈن دۇنياغا ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئوخشىمىغان قاراشقا ئىگە كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە جەڭ ئېلان قىلمايدۇ،

بەلكى ئىمكانىيەتنىڭ يار بېرىشىچە توقۇنۇشۇۋاتقان تەرەپلەرنىڭ سانىنى ئازايتىپ، بىر تەرەپ بىلەن بولغان كۈرەشنى كىچىكلىتىۋرسە، يەنە بىر تەرەپ بىلەن ۋاقىتلىق ئىتتىپاقداشلىق ئورنىتىدۇ. دېمەككى، سىياسەت مەڭگۈلۈك ھەمكارلىق ئويۇنى ئەمەس، مۇئەييەن زامان ۋە ماكانغا باغلىنىشلىق، ئىستراتېگىيەلىك ئىتتىپاقداشلىق ئويۇنىدىن ئىبارەت.

# ئىككىنچى قائىدە:

## نىشانغا تەدرىجىي يېتىش ماھارىتى

## 2. قائىدە:

سىياسىي ئارزۇ بىر قانچە باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ، نىشانلارمۇ رېئاللىققا ئايلىنىشى ئۈچۈن پىشاڭغا موھتاج بولىدۇ.

سىياسىيونىنىڭ نىشانى سىياسىي بولۇشى كېرەك ( ئالدى بىلەن نىشانىنىڭ سىياسىي نىشان ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى، ھەر ۋاقىت سىياسىي نىشانىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈۋېلىشى كېرەك). ئەگەر نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا شەكلەنسە، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، سالماقلىق بىلەن قارار چىقىرىشى كېرەك. سىياسىي ئويۇن خۇسۇسەن ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىدە ھايات ـ ماماتلىق كۈرەش تۈسىنى ئالغان. بۇ كۈرەشتە سىياسىيون يا غەلىبە قىلىدۇ، ياكى مەغلۇپ بولۇپ ئويۇندىن چىقىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ قايتىدىن سىياسىي ساھەگە كىرىشى ئۇزۇن ۋاقىت ھەم كۆپ كۈچ تەلەپ قىلىدۇ.



سىياسىيون سىياسىي ئويۇنغا رەسمىي كىرىدىغانلىقىنى جەزىملەشتۈرگەندە نىشانىنى ئېنىق بېكىتىۋېلىشى كېرەك. نىشانىنى بېكىتىش تۆۋەندىكى باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ:

### 1) ئارزۇسىنى بېكىتىش:

ھەر بىر ئادەم ئارزۇغا، شېرىن خىيالغا ئىگە. كۆپ ھاللاردا بۇ ئارزۇ مۇقەددەس ھەم بۈيۈك بولىدۇ. ئەمما سىياسىيون خىيال ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىپ، يەتمەكچى بولغان ئەڭ يىراق نۇقتىغا قارىغاندا ئارزۇسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشنىڭ قەدەم باسقۇچلىرىنى بېكىتىش ئۈچۈن رېئال دۇنياغا قايتىپ كېلىدۇ.

گېرمانىيەلىكلەرنىڭ گېرمانىيە ھەممىدىن بۈيۈك دېگەن ئارزۇسى، ئىسرائىلنىڭ فىرات دەرياسىدىن نىل ۋادىسىغىچە

بولغان كەڭ زېمىندا دۆلەت قۇرۇش چۈشى ۋە بىراۋلارنىڭ دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە بولۇش ئارزۇسىغا قاراپ باقايلى...

بۇ ئارزۇلارنىڭ ھەممىسى مەلۇم بىر ياكى بىر قانچە سىياسىيوننىڭ ئارزۇسىنى چىقىش قىلىپ ئەمەس، بەلكى شۇ ۋاقىت، ئورۇن ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت ئىمكانىيىتى ئىچىدە مەلۇم نىشانغا يېتىشنىڭ يولىنى تېپىپ چىقىشتىكى قۇدرىتىنى نامايان قىلىدۇ. دېمەككى، سىياسىيون مەسىلىگە ئۆزى ئارزۇ قىلغان نۇقتىدىن قارىمايدۇ، بەلكى رېئال نۇقتىدىن قاراپ، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىغا يېتىشتىكى تالانتىنى نامايان قىلىدۇ.

## 2) نىشانىنىڭ باسقۇچ ۋە پەللىسىنى بېكىتىش:

ئارزۇ پەقەت ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدىغان نىشان شەكلىدە بېكىتىلگەندىلا رېئاللىققا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. دەلىللىگىلى بولمايدىغان نىشان بىر خىل ئارزۇدىن ئىبارەت. ئۇ سىياسىيون ئەھمىيەت بېرىدىغان ئىشلاردىن ئەمەس.

ئارزۇنىڭ ئۆزى ئەسلي نىشان ئەمەس، شۇڭا سىياسىيون ئارزۇسى ئىچىدىن نىشانىنى تاللاپ چىقىدۇ. سىياسىيوننىڭ ئەقلى شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە ئەڭ يۇقىرى چەكتە رېئاللىققا ئايلىنىشىنى قوبۇل قىلىدىغان ئەقلىدىن ئىبارەت. سىياسىيون خىيال ئىچىدە خىيالغا ئەسىر بولۇپ ياشىمايدۇ.

## 3) ياردەمچى ئامىللارنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش:

سىياسىيون نىشانغا يېتىشكە بەل باغلىغاندا، تەسەللاسىغا ياكى ھېسسىياتقا تايىنىپ ھەرىكەت قىلمايدۇ، ئەكسىچە نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ياردەمچى بولىدىغان ئامىللارنى نەزەردىن ساقىت قىلمايدۇ. ياردەمچى ئامىل دېگەندە پىلان تۈزۈش ئىقتىدارى،

پۇرسەت، ئىجتىمائىي ئالاقە ۋە بايلىق مەنبەسى دېگەندەك نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلەشكە يارايدىغان تايانچ كۈچلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. سىياسىيون باشقىلاردىن كېلىش ـ كەلمەسلىكى ئېنىق بولمىغان ياردەمگە تايىنىشتىن بۇرۇن، ئۆزىدىكى ياردەمچى ئامىللارغا، بولۇپمۇ ئۆز ئىلكىدىكى ھالقىلىق ئەھمىيەتكە ئىگە كۈچ ۋە بايلىق مەنبەسىگە ئېتىبار بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سىياسىيون ھەقىقىي تايانچ كۈچ ۋە مەۋھۇم تايانچ كۈچنى پەرقلەندۈرۈشى لازىم. ھالقىلىق پەيتتە كېرەككە كەلمەيدىغان، مەۋھۇم تايانچ ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقتىن رېئاللىققا كەلگەندە مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان نۇرغۇن گۈزەل ئارزۇلار بولۇپ ئۆتكەن.

# ئۈچىنچى قائىدە:

## سىياسىي ئۈستەل

## 3. قائىدە:

**سىياسىي ئۇستەلگە بەرداشلىق بېرىش چېكىدىن كۆپ نىشان قويۇلسا، سۇنۇپ كېتىشى مۇقەررەر.**

سىياسىي پائالىيەت ئۇستەل ئۇستىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئەگەر ئۇستەلنىڭ ئەڭ يۇقىرى يۈك كۆتۈرۈش چېكى 100 كىلو بولسا، ئۇنىڭغا 200 كىلو يۈك ئارتسا، ئېنىقكى ئۇستەل سۇنىدۇ.

شۇڭىدەك، سىياسىيونىڭ ۋەزىپىسىمۇ سۆھبەت ئۇستىلىنى پۇختا قۇرالىشى، ئۇنىڭغا تاقىتىدىن ئارتۇق يۈك ئارتماسلىقى كېرەك. سىياسىيونىڭ تالانتى ئۇستەلگە ئاشۇرۇپ يۈك ئارتالايدىغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى يۈك ئاستىدىكى ئۇستەلنى مەقسەتكە يەتكەنگە قەدەر مىدىرلاتماي، چىڭ تۇرغۇزۇشتا نامايان بولىدۇ.



مەسىلەن، بىز ھۇدەيبىيەدىكى سىياسىي ئۇستەل ھەققىدە مۇلاھىزە قىلىپ باقايلى: رەسۇلۇللاھ ئاخىرقى نىشانىدا چىڭ تۇرۇۋالمىدى، بەلكى ئەمەلىي ئەھۋالنى چىقىش قىلغان ئاساستا نىشانغا پەيدىنپەي يېقىنلاشتى. كېلىشىمنامىگە «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن» دەپ يېزىشنىڭ ئورنىغا، ئەرەبلەرنىڭ بۇرۇنقى ئەنئەنىسى بويىچە «ئى ئاللاھ سىلىنىڭ ئىسمىلىرى بىلەن» دەپ يازدى. ئىسمىنى يازغاندا «ئاللاھنىڭ رەسۇلى» دېگەن سۆزنى يازماستىن، پەقەتلا مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ دەپ ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئۇدۇللا يازدى. سۆھبەت ئۇستىلىگە پەقەت كۆتۈرەلىگۈدەكلا يۈك ئارتتى. شۇڭا مۇشرىكلارنىڭ: «بىز تەرەپتىن مۇسۇلمان بولۇپ،

سىنىڭ قىشىڭغا بارغان كىشىلەرنى بىزگە قايتۇرۇپ بېرىسەن، سەن تەرەپتىن مۇرتەد بولۇپ، بىزنىڭ قېشىمىزغا كەلگەن كىشىلەرنى بىز ساڭا قايتۇرۇپ بەرمەيمىز» دېگەن تەلىپىنىمۇ قوبۇل قىلدى. ئاندىن سۆھبەتنىڭ چىنلىقىغا رىئايە قىلىش ئۈچۈن سۆھبەت ئەسناسىدا مەككىدىن مۇسۇلمان بولۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كەلگەن ئەبۇ بەسىرنى مەككىلىكلەرنىڭ تەلىپى بويىچە قايتۇرۇپ بېرىشكە قوشۇلدى. بۇ چاغدا ئەبۇ بەسىر: _ يا رەسۇلۇللاھ! مۇشرىكلارنىڭ مېنى دىنىمدىن قايتۇرۇش مەقسىتىدە قىيىن - قىستاققا ئېلىشى ئۈچۈن ئۇلارغا قايتۇرۇپ بېرەمدىلا؟ - دېدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: _ سەنمۇ بىلىسەن، بىز ئۇلار بىلەن كېلىشىم ئىمزالىدۇق. بىزنىڭ دىنىمىزدا خىيانەت قىلىشقا بولمايدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى. چۈنكى رەسۇلۇللاھ كېلىشىمگە رىئايە قىلماسلىقنى سۆھبەت ئۈستىلى كۆتۈرەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى ھەم بۇنداق قىلىش رەسۇلۇللاھنىڭ ھەر ۋاقىت گېپىدە تۇرىدىغان گۈزەل ئەخلاقىغىمۇ ئۇيغۇن ئەمەس ئىدى. شۇڭا رەسۇلۇللاھ ئىمكانىيەت دائىرىسى ئىچىدە نىشانىغا قەدەممۇقەدەم يېقىنلاشتى. رەسۇلۇللاھ مەسىلىنى غايىۋى ئۇسۇلدا ھەل قىلماستىن، بەلكى مەسىلىگە رېئال پوزىتسىيە تۇتتى. مەسىلىنىڭ غايىۋى ھەل قىلىنىش ئۇسۇلى: مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشى. ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلىشقا، ئۇنى تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ. مۇسۇلماننى كاپىرلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە، دىنىدىن قايتۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بېرىش ئەقىلگە سىغمايدۇ. خۇسۇسەن ئاللاھ تائالا: «پىتنە يوقالغان، دىن ئاللاھقا خالىس بولغانغا قەدەر ئۇرۇش قىلىڭلار» دېگەندىن كېيىن بۇنداق قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ، دەپ قاراشتۇر. قارايدىغان بولساق، رەسۇلۇللاھ ئەسلي ئىدېئولوگىيەدىن

رىئاللىققا سۆھبەت ئۇستىلى كۆتۈرەلەيدىغان مىقداردا چۈشۈپ بەرگەن. غەلىبە شەكىللەندۈرەلمەيدىغان شوئار ۋە دەبدەبىلىك نۇتۇقلاردىن يىراق تۇرغان. دېمەككى، سىياسىي رەھبەرنىڭ تالانتى ئۇستەلگە ئەسلىي كۈچىدىن ئارتۇق يۈك ئارتىشتا ئىپادىلەنمەيدۇ. سىياسىيون ئادەتتە كۈچلۈك دۈشمەن بىلەن توقۇنۇشقاندا ئىستراتېگىيە جەھەتتىن ئاجىز باشلاپ، ئاستا - ئاستا تەڭلىششكە، ئاندىن ئىستراتېگىيەلىك ئۈستۈنلۈككە قاراپ ماڭىدۇ ۋە ئىدېئولوگىيەسىنى رىئاللىقتا قەدەممۇقەدەم ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ. سىياسىيوننىڭ ئىستراتېگىيەلىك كۈچى ئاشقانسېرى ئۇنىڭ سىياسىي ئۈستىلىنىڭمۇ تېخىمۇ كۆپ ئىدېئولوگىيەگە بەرداشلىق بېرىش كۈچى شۇنچە ئاشىدۇ.

-11 سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن ئامېرىكا پرېزىدېنتى جورج بۇش بىر قېتىملىق نۇتۇقىدا بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشى بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ گەپلىرى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا قارشى چىقىشقا پېتىنالايدىغان ئىستراتېگىيەلىك كۈچكە تايىنىپ دېيىلگەن. چۈنكى ئامېرىكا كۈچ نۇقتىسىدىن سىياسىي سۆھبەت ئۇستىلىگە ئېغىر سىياسىي نىشانىنى يۈكلىگەن ئىدى.

تۈركلەرگە قارايدىغان بولساق، ئەردوغاننىڭ رەھبەرلىكىدە ھەربىيلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى چەكلىمەكچى بولغاندا دىنىي ئىدېئولوگىيە توغرىسىدا گەپ ئاچمىغان. بولۇپمۇ ئۇلار ئىسلامىي خىلاپەتنىڭ ئاساسى ۋە ئۇلى ھەققىدە ئويلىنىۋاتقان ياكى ئەڭ ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا ئىسلام دىنى تەتبىقلىنىدىغان بىر دۆلەت قۇرۇپ چىقىش ئارزۇسى بولسىمۇ، دىنىي ئىدېئولوگىيە ھەققىدە گەپ ئاچمىغان. بەلكى سىياسىي ئۇستەلنىڭ ئىستراتېگىيەسىگە

رىئايە قىلىپ، ئاۋۋال تۈركىيەنى دىنغا ئۆچمەن سېكۇلار تۈزۈلمىدىكى دۆلەتتىن، دىنغا ئۆچمەنلىك قىلمايدىغان سېكۇلار تۈزۈلمىدىكى دۆلەتكە ئايلاندۇرماقچى بولغان. ئەگەر دۆلەت ئادىل بولمىسا (ئادالەت شەرىئەت ئېلىپ كەلگەن ئەڭ بۈيۈك پرىنسىپ بولسىمۇ) شەرىئەتنى تەتبىقلاشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ.

شۇڭا ئۇلار سۆھبەت ئۈستىلىنى مۇشۇ ئاساستا قۇرۇپ چىققان. قەدەم باسقۇچلاردىن چوڭ سەكرەپ ئېلىگىرىلىمىگەن، بەلكى ئۇنىڭ ھەر قايسى باسقۇچلىرىغا رىئايە قىلغان، شۇنداقلا قۇرۇپ چىققان ئۈستەلگە كۆتۈرەلمەيدىغان يۈكلەرنى يۈكلىۋالمىغان. سىياسىي باسقۇچقا رىئايە قىلمىغاندا مەقسەتكە يېتىش مۇمكىن بولمىغانلىق ئۈستىگە، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئېرىشكەن ھەممە نەرسىلىرنى زىيان تارتىدىغان گەپ.

ئىسلام خەلىپىلىكى ________ نىشان - ئارزۇ (بەلكىم).

تۈرك ئىسلام دۆلىتى _______ بىرىنچى پىلان.

ئىسلامغا قارشى تۇرمايدىغان ئەلمانىزم دۆلىتى ___ ئىككىنچى پىلان.

ئادىل دۆلەت ______________ ئۈچىنچى پىلان.

دۆلەت ________________ تۆتىنچى پىلان.

ھاسىلكالام: ئادەتتە سىياسىيوننىڭ نىشانى ئېنىق بولىدۇ. سىياسىي نىشان كۆپ ھاللاردا بىر قانچە باسقۇچتىن

شەكىللىنىدۇ. سىياسىيون سۆھبەت ئۇستىلىدە دەسلەپتە ئولتۇرغاندىلا زېھنىدە مەسىلىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پۈتكەن شەكلى مەۋجۇت بولمايدۇ، بەلكى ياردەمچى ئامىللارنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقىغا قارىتا ئىلاستىكىلىققا ئىگە بولىدۇ. تۈركىيە بۇ جەھەتتە ياخشى ئۆرنەك ھېسابلىنىدۇ. نىشان ئېنىق، ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىشكە بولمايدۇ. ئەمما ئۇنىڭغا بىراقلا يەتكىلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، قەدەم باسقۇچلىرى ئىلاستىكىلىق بولىدۇ.

دېمەك، گەپنىڭ نېگىزى ئىش سۆھبەت ئۈستىلىگە ۋە ئۇنىڭ كۆتۈرۈش كۈچىگە باغلىق. ناۋادا ئۈستەلگە چەكتىن ئاشۇرۇپ يۈك ئارتماقچى بولغاندا ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن يۈكنى كۆتۈرۈشى ئۈچۈن ئاستىدىكى ياردەمچى ئامىللارنى تەڭشەش لازىم. يەنى، ئۈستەلنىڭ پۇتى مەزمۇت بولغاندا كۆپ نەرسە كۆتۈرەلەيدۇ. سىياسىيونمۇ ئارقا سەپ ۋە باشقا ياردەمچى ئامىللار كۈچلۈك بولغاندىلا سۆھبەت ئۈستىلىگە شۇنچە كۆپ نەرسىلەرنى يۈكلىيەلەيدۇ.

# تۆتنچى قائىدە:

## مانېۋىر سەنئىتى

## 4. قائىدە:

سىياسەت دېمەك مانېۋىر سەنئىتى دېمەكتۇر. مەۋجۇت ئىمكانىيەتلەردىن تاللاپ پايدىلىنىش سىياسىيون ئىختىيارلىقىدا. شۇنداقلا سىياسىيون ئوخشىمىغان سىياسىي ۋەزىيەتكە ئوخشىمىغان پوزىتسىيە تۇتۇش ئۈچۈن ئوخشىمىغان تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

بىر دۆلەت ياكى پارتىيە ئىچكى ياكى تاشقى خىرىسلار ئالدىدا ئىككى خىل ئەھۋالغا دۇچ كېلىدۇ:

بىرىنچى، ئاجىز تەرەپ بولۇش. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇنىڭ ئالدىدا بىر قانچە خىل تاللاش بولىدۇ:

1) **بويسۇنۇش:** (بېسىم ئاستىدا تەلەپ قىلىنغان ئىشلارنى ئىجرا قىلىش) بويسۇنۇشنىڭ ئۆزىلا ئەمەلىي رېئاللىقتا ھەمىشە خاتا بولمايدۇ، شۇنداقلا سىياسەتتە مەلۇم شەكىلدە تاماملىنىدىغان ھەرىكەتلەرنىڭ بىرى دەپ قارىلىدۇ.

2) **يول قويۇش:** ئاجىز تەرەپتە قارشى تەرەپ بىلەن ئالماشتۇرۇشقا يارايدىغان بىرەر نەرسە بولۇشى مۇمكىن، بۇنداق ئەھۋالدا قارشى تەرەپكە تولۇق بويسۇنۇشنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ بىلەن بەزى نەرسىلەرنى ئالماشتۇرىدۇ. قولىدا كوزىر بار تەرەپ ئەلۋەتتە بەدەلسىز بەرمەيدۇ.

ئۆزئارا مەنپەئەت ئالماشتۇرۇش ئاساسىدىكى يول قويۇش سىياسەتتىكى مۇھىم ماھارەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇنداق ئەھۋالدا بېرىشكە بولىدىغان نەرسە بىلەن ساقلاپ قېلىشقا تېگىشلىك نەرسىنى ئېنىق بېكىتىۋېلىش ئىنتايىن مۇھىم. پەلەستىننى مىسالغا ئالساق، خاماس ئىسرائىلنى ئېتىراپ قىلغاندىن باشلاپ ئىسرائىلنى سۆھبەتلىشىشكە مەجبۇر

قىلىدىغان كوزىردىن ئايرىلىپ قالىدۇ (خاماسنىڭ ئىسرائىلنى ئېتىراپ قىلماسلىقى ئىسرائىلنى خاماس بىلەن سۆھبەتلىشىشكە مەجبۇر قىلغان كوزىر). شۇڭا خاماس كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن قولىدىكى بۇ كوزىرنى چىڭ ساقلىشى لازىم. سىياسىي ئويۇندا ئېتىبار بېرىش ۋە يول قويۇش مۇھىم مەسىلە ئەمەس. ئەڭ مۇھىم بولغىنى نېمىگە يول قويۇش؟ قاچان يول قويۇش؟ قانداق يول قويۇش؟

3) **ساقلىنىش:** سىياسىي ئويۇن بىر قانچە مەيداندا ئېلىپ بېرىلىدۇ، شۇڭا كىم بىلەن مەيدانغا چۈشىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىش لازىم. رىقابەتلىشىشكە كۈچى يەتمەيدىغان كۈچلۈك رەقىب بىلەن مەيدانغا چۈشمەي، رىقابەتچىسى يوق ياكى رىقابەتچىسى ئاجىز مەيداندا ئويناش لازىم. شۇنداق قىلغاندا سۈركىلىشتىن ساقلىنىپ قالغىلى، كۈچىنى خوراتماستىن پايدا ئالغىلى بولىدۇ.

4) **قارشىلىشىش:** نىشان ئېنىق بېكىتىلگەندە ئاجىز تەرەپ قارشىلىشىشقا ئۆتۈشى مۇمكىن. قارشىلىشىش بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك شەكىلدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ۋيېتنام ئۇرۇشىنى ئالساق، ۋيېتناملىقلار بىۋاسىتە سەپمۇسەپ بولۇپ ئۇرۇشماسلىقنى قارار قىلدى. چۈنكى بۇ شەكىلدە ئۇرۇش قىلىش ئېنىقلا مەغلۇبىيەتتىن دېرەك بېرەتتى. شۇڭا ئۇلار دۈشمەننىڭ كۈچىنى خورىتىپ، هالسىزلاندۇرۇش يولىنى تاللىدى. شۇنداق قىلىپ ئىمكانىيىتى ئاجىز تەرەپ رەقىبىنى مەغلۇپ قىلىشنىڭ ۋاسىتىلىك يولىنى تېپىپ چىقتى. پايدىلانغىلى بولىدىغان يېڭى ئىستراتېگىيەنى تېپىپ چىققاندىن كېيىن قانداق قارشىلىشىش ھەققىدە كاللا قاتۇرۇشقا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋيېتناملىقلار

ئامېرىكىنى مەغلۇپ قىلالىغان.

ئاجىز تەرەپ قارشىلىشىش ياكى توقۇنۇشنى قارار قىلغاندا زېرەكلىك بىلەن قەدەم ئېلىشى كېرەك. چۈنكى ئۇ دۈشمەننى بىۋاسىتە كۈچى بىلەن يەڭمەيدۇ، بەلكى پەم - پاراسىتى بىلەن يېڭىدۇ. ئاجىز تەرەپنىڭ پەم - پاراسىتى ئۇنىڭ دۈشمەن كۈتمىگەن نۇقتىدىن چىقىشىدا ياكى دۈشمەندە بولمىغان نەرسىنى ئىشلىتىشكە بولغان ئىقتىدارىدا نامايان بولىدۇ. توقۇنۇشتا پەم - پاراسەت بىلەن ئىش قىلماسلىق شەكسىزكى، ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

**5) ئاجىزلىق نۇقتىسىنى ئىسلاھ قىلىش:** ئىراق ئۆكتىچىلىرى سادام ھۆسەيىن دەۋرىدە ئاجىز ئورۇندا ئىدى، بىزنىڭ شەرئىي ۋە ئىستراتېگىيەلىك نۇقتىدىن باھايىمىز قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلار بۇ مەسىلىنى ئامېرىكىنىڭ ياردىمى بىلەن ھەل قىلدى. ئۆكتىچىلەر ئاجىزلىقىنى مۇشۇ ئۇسۇلدا تولۇقلاپ، كۈچ سېلىشتۇرمىسىدىكى پەرقنى ئامال بار كىچىكلەتمەكچى بولدى.

سوئال: بۇ ئۇسۇللارنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىشكە بولامدۇ؟

بۇ ئۇسۇللارنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشكە بولىدۇ، چۈنكى بۇ تاللاشلارنى ئۆزئارا كىرىشتۈرۈش، ئالماشتۇرۇش ۋە ماسلاشتۇرۇش شەكلىدە كۆپلىگەن تاللاشنىڭ يولىنى ئاچىدۇ. ئاخىرقى نىشان غەلىبە قىلىش بولغان ئىكەن، ئوخشىمىغان ئۇسۇللارنى ماسلاشتۇرغاندا تاللاش ئىمكانىيىتى كۆپىيىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سىياسىيون «ب» پىلانغا سەل قارىمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ زېھنى «ب» پىلانغا قارىتا ھەمىشە ھەرىكەتتە تۇرىدۇ. سىياسىيونغا نىسبەتەن بويسۇنۇش ياكى توقۇنۇشتىن ساقلىنىپ قېلىش ۋە

ياكى كۈچ ـ قۇۋۋەت ئامىللىرىنى ھازىرلاپ، يەنە بىر جەڭگە تەييارلىق قىلىشتا مەسىلە يوق. سىياسىيون ئوخشىمىغان مۇھىتقا ماسلىشالايدۇ. ئۇ: نېمە قىلىمەن؟ بۇنىڭ چارىسى نېمە؟ دېمەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ زېھنىدە ھادىسىلەرنىڭ ئاساسىي چارىسى ۋە ئۇنىڭ «ب» پىلانى ھەمىشە تەڭ مەۋجۇت بولىدۇ. ئۇ ھەر ۋاقىت «مۇنداق بولىشىمۇ مۇمكىن» دېگەن شەكىلدە پىكىر قىلىدۇ، *( سىياسىيون يۈز بەرگەندىن كېيىنكى ھادىسە ھەققىدىلا پىكىر قىلماستىن، بەلكى مەسىلە يۈز بېرىشتىن بۇرۇن ۋە ئۇ يۈز بەرگەندىن كېيىنكى ئىشلار ھەققىدە پىكىر قىلىدۇ).*

## ئىككىنچى، كۈچلۈك تەرەپ بولۇش:

ئەگەر سىياسىيون ئەڭ كۈچلۈك تەرەپتە بولسا تۆۋەندىكى ئىشلار ھەققىدە ئويلىنىدۇ:

1) **يوقىتىش:** قارشى تەرەپنى ئۈزۈل ـ كېسىل يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاشنى ئويلايدۇ.

**مىسال:** شىمالىي يەمەن جەنۇبىي يەمەندىكى دۆلەتنى تامامەن يوقىتىپ، يېڭى دۆلەت بىلەن بىرلەشتۈرۈۋەتكەن. رەقىبنى تەلتۆكۈس يوقىتىش مەسىلىسى پەقەت ھەر قايسى جەھەتتىن ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغان ۋە بارلىق ئىمكانىيەتلەر تولۇق بولغان ئەھۋال ئاستىدا ئەمەلگە ئاشىدۇ. مانا بۇ كۈچلۈكلەرنىڭ تاللىشىدۇر. بەزى ھاكىمىيەتلەر ئۆكتىچىلەرگە مۇشۇ شەكىلدە مۇئامىلە قىلىدۇ.

**2) ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش:** پىشقان سىياسىيون قارشى تەرەپكە مۇھىم دەپ قارىغان بەزى مەنپەئەتلەرنى بېرىدۇ، نەتىجىدە رەقىبىنىڭ قارشىلىق تۈۋەنلەپ، ھەمكارلىشىشنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەگەر قارشىلىق كۆرسەتسە، ئېرىشىۋاتقان مەنپەئەتلىرىدىن ئايرىلىدۇ، ھەمكارلاشقان مۇددەتتە مەنپەئەتكە ئېرىشىدۇ. ئاسسىمىلياتسىيە كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارغا ئىشلىتىدىغان مۇھىم ۋاسىتىلىرىنىڭ بىرى.

**3) ئىتتىپاقداشلىق:** ئىككى تەرەپ يالغۇز تاقابىل تۇرۇشقا كۈچى يەتمەيدىغان ئۈچىنچى بىر تەرەپ بار دەپ قارىغاندا ئۈچىنچى تەرەپكە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن كۈچىنى بىرلەشتۈرىدۇ. ئىتتىپاقلاشقان ئىككى تەرەپنىڭ ئاخىرقى نىشانى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئۇلار ئىككىلىسىگە تەھدىت دەپ قارىغان ئۈچىنچى تەرەپكە تاقابىل تۇرۇشتا ئورتاقلىققا ئىگە. ئافغانىستاندىكى خەلقئارالىق ئىتتىپاق ۋە ئىراقتىكى خەلقئارالىق ئىتتىپاق بۇنىڭ مىسالى بولالايدۇ. ئىتتىپاقداش ئارمىيەنىڭ پۈتۈن نىشانى بىر ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقلىشىشىغا سەۋەب بولغىنى خەلقئارا تېررورلۇق دەپ ئاتىغان نەرسىگە قارشى تۇرۇش.

**4) سۈلھىلىشىش:** توقۇنۇشۇۋاتقان تەرەپلەرنىڭ ئارام ئېلىش پۇرسىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئىككى تەرەپ توقۇنۇشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق دەپ قارىغاندا مەلۇم ۋاقىت ئۇرۇش توختىتىپ، ئىشلارنى قايتا ئورۇنلاشتۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. سۈلھى ھەر قايسى تەرەپنىڭ ئىشلىرىنى قايتىدىن تەرتىپكە سېلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىدىغان ۋاقىت بولۇپ، بەزىدە كۈچلۈك تەرەپ بۇ مەزگىلدە باشقىلار بىلەن توقۇنۇشۇش پايدىسىز دەپ قارىغانلىقتىن سۈلھىلىشىشنى قارار قىلىدۇ.

**5) مەشغۇل قىلىش:** كۆچلۈك تەرەپ بەزىدە مەشغۇل قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. ئۇ ئاجىز تەرەپنى يوقىتىۋەتمەيدۇ، شۇنداقلا ئۇنى ئارامىدىمۇ قويمايدۇ. ئەگەر ئۇنى ئارام ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلسا، كۈچلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ كۈچلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ھەمىشە مەشغۇل قىلىپ تۇرىدۇ.

**6) ساقلىنىش:** بەزىدە مۇئەييەن تەرەپتىن ئۆزىنى تارتىش (ساقلىنىش) كۈچلۈكلەرگە نىسبەتەن پايدىلىق بولىدۇ. پەرەز قىلىپ باقايلى، مەلۇم بىر رايوندا دىنىي ئۆلىمالار بىسىم شەكىللەندۈرگەندە ھۆكۈمەت بۇ ئەھۋالدا ئۇلارغا قارشى توقۇنۇشقا كىرسە، خەلقنىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھۆكۈمەت (گەرچە ئۆلىمالار دۆلەتكە قارشى ئىسيان پەيدا قىلىدىغان پەتىۋالارنى چىقارغان تەقدىردىمۇ) ئۇلار بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىشتىن ساقلىنىشنى قارار قىلىدۇ.

**7) يەنە بىر تەرەپنى ئىشقا سېلىش:** كۆچلۈك تەرەپ بەزىدە بىرەر پارتىيە، قەبىلە ياكى مەلۇم شەخسلەردىن ۋاقتلىق پايدىلىنىش مەقسىتىدە ئىشقا سالىدۇ. قارىماققا ئۇلار شېرىكتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئىشلار كۈچلۈك تەرەپنىڭ پىلانى بويىچە تاماملىنىدۇ ۋە ناھايەت غەلىبە شۇنىڭغا مەنسۇپ بولىدۇ. خالىسىڭىز ئافغانىسان ۋە مۇجاھىدلارنىڭ تارىخىغا قاراپ بېقىڭ.

باشقىلارنى ئىشقا سېلىش مەنتىقىسى سىياسىي ھەرىكەتتىكى تەرەپلەر ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان. گاھىدا باراۋەرلىك ئاساسىدا ئىشقا قويۇلسىمۇ، نەتىجە ئىشنىڭ ئاخىرىدا تورتىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى يەيدىغان تەرەپكە تەۋە بولىدۇ. ئاجىز تەرەپ يەنىلا ئاجىز پېتى قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سىياسىيون نىسپىيلىكنى

قوبۇل قىلىدۇ دېگەن سۆز جايىدا ئېيتىلغان سۆز ھېسابلىنىدۇ. بىر ئىدېئولوگىيە ساھىبىغا نىسبەتەن بۇ ئىش توغرا ئەمەس. چۈنكى ئىدېئولوگ مەسىلىگە «يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم» نۇقتىسىدىن مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۆلۈشكە بولىدۇكى، دۈشمەنگە يول قويۇشقا، ئىدېئولوگىيەسىدىن ۋاز كېچىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. سىياسىيونىنىڭ ئالدىدا پۈتۈن تاللاشلارنىڭ ئىشىكى ئوچۇق بولىدۇ، ئېرىشكىلى بولىدىغان نەرسىنى ئالىدۇ ۋە قانداق قىلغاندا ئۇنى ئەڭ ئاسان، چىقىمسىز ھالدا قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ، دېگەن نۇقتىدىن كاللا قاتۇرىدۇ. يۇقىرىقىلار كۈچلۈك تەرەپنىڭ ئالدىدىكى بىر قىسىم تاللاش نۇقتىلىرىدۇر. سىياسىيونىنىڭ بۇ تاللاشلارنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشى ۋە يەنە باشقا ئىشلارنىمۇ تاللىشى تامامەن مۇمكىن.



| | | |
|---|---|---|
| بويسۇنۇش | بىۋاستە ۋاستىلىك | تەلتۆكۈس يوقىتىش |
| يول قويۇش | | ئاسسىمىلياتسىيە |
| ساقلىنىش | | ئىتتىپاقلىشىش |
| قارشىلىشىش | | سۈلھىلىشىش |
| ھەل قىلىش | | مەشغۇل قىلىش |
| | | ساقلىنىش |
| | | باشقىلارنى ئىشقا سېلىش |

11 .شەكىل

# بەشنچی قائیدە:


## توقۇنۇشنىڭ توگۇنی

**5. قائىدە:**

**ھەرقانداق توقۇنۇشنىڭ بىر ئاساسىي تۈگۈنى بولىدۇ، شۇڭا توقۇنۇشنىڭ تۈگۈنىنى ئېنىق بەلگىلەش لازىم.**

ئىنسانىيەت باشتىن كەچۈرگەن توقۇنۇشنىڭ ھەرقاندىقىدا بىر ئاساسىي تۈگۈن بار. يەنى بارچە توقۇنۇشلار ئاساسىي تۈگۈن دېگەن نۇقتىدا ئۇرتاقلىققا ئىگە. بۇ دېگەنلىك توقۇنۇشنى ھەل قىلىش رايۇنى ياكى دائىرىسىنى كۆرسىتىدۇ، چۈنكى توقۇنۇش يۈز بېرىپ، ھەر خىل ۋەقەلىكلەر، ئامىللار ۋە تەرەپلەر ئارىلىشىپ، ئىشلار مۇرەككەپلىشىپ كەتكەندە توقۇنۇشنى ھەل قىلىش دائىرىسى شەكىللىنىدىغان بولۇپ، مۇشۇ ھەل قىلغۇچ دائىرە چېك تۇتۇلسا، توقۇنۇشنى بىر تەرەپ قىلىش ئوڭايلىشىدۇ، (ئەگەر توقۇنۇشتىكى ھەل قىلغۇچ ساھە ھەل قىلىنسا، توقۇنۇشمۇ ھەل قىلىنىدۇ).

ئا: توقۇنۇشنىڭ ئومۇمىي رامكىسى.




ئە: سىياسىي ھەركەت ئېلىپ بارىدىغان سىياسىيون، سىياسىي پائالىيەتچى.

ب: رەقىب سىياسىيون.

⟵ ئاساسىي قانۇننىڭ تەسىر دائىرىسى.

⟵ ئاساسىي قانۇنغا كۆرسەتكەن تەسىرى.

(   ) ئاساسىي قانۇننىڭ ب غا كۆرسىتىدىغان تەسىرى.

○ ب نىڭ قارشىلىق رايونى.

«ئە»نى سىياسىي تەرەپ دەپ پەرەز قىلغىنىمىزدا توقۇنۇش رايون خاراكتېرلىك بولسۇن ياكى خەلقئارالىق بولسۇن، ئۇ رەقىبى بولغان «ب»غا تەسىر كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدۇ. «ئە»نىڭ تەسىرى ئىككى نۇقتىدا ئىپادىلىنىدۇ:

**1) بىۋاستە ئاساسىي قانۇن ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىش.**

ئاساسىي قانۇن ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىش دېگىنىمىز، سىياسىي پارتىيەلەر ئارىسىدىكى هوقۇق ئالماشتۇرۇش، رايوندىكى بايلىقنى تەقسىملەش، ئەسكىرىي ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە بىر رايوندىكى ئاز سانلىقلارنىڭ هوقۇق - مەنپەئەتىگە هۆكۈم قىلىدىغان ئاساسىي قانۇن رامكىسى ئىچىدىكى تەسىر ياكى خەلقئارا قانۇن ۋە تۈرلۈك مەسىلىلەردە ئوخشىمىغان كۈچلەر ئارىسىدىكى خەلقئارالىق توقۇنۇشنى ئىدارە قىلىشنى تەرتىپكە سالىدىغان، خەلقئارا سەۋىيەدىكى دۆلەت ئاپپاراتلىرىنىڭ تەسىر كۈچىنى كۆرسىتىدۇ.



**2) ئاساسىي قانۇندىن هالقىغان ۋاستىلىك تەسىر**

بۇنىڭدا رەقىبىگە ئاساسىي قانۇندىن هالقىغان هالدا قانۇنسىز قاناللار ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ قاتتىق قوللۇق ۋاستىسى تېررورلۇق ۋە ئېمبارگو يۈرگۈزۈش ۋە ياكى سودىلىشىش، يەنى ئىككى تەرەپ ئارىسىدا ئىستراتېگىيەلىك ۋە تاكتىكىلىق هەمكارلىشىش، ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش ئارقىلىق مەنپەئەت ئالماشتۇرۇش قاتارلىق شەكىللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالسا، يەنە بەزىدە قوينىغا ئېلىش، يەنى ۋەدىلەر ۋە

مەسئۇلىيەت شەكلى ئارقىلىق بولىدۇ. بۇنىڭ مىسالىنى ئامېرىكا ـ ئىسرائىلىيە ۋە ئامېرىكا ـ ئەنگلىيە مۇناسىۋىتىدە كۆرەلەيمىز (ئامېرىكىنىڭ بۇ ئىككى دۆلەت بىلەن ئالاھىدە ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتى بار، ئەمما بۇ خىل مۇناسىۋەت ۋە ھەمكارلىق ئاساسىي قانۇننىڭ سىرتىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ، بۇلارنىڭ بۇنداق ئالاھىدە مۇناسىۋىتى ھەققىدە ھېچقانداق يازما ۋەسىقە يوق).

«ئە» تەرەپ قوللىنىۋاتقان ئاساسىي تەسىر كۈچىنىڭ تۈرىنى بېكىتىش، ئاندىن توقۇنۇشنىڭ رامكىسىنى بېكىتىش كېرەك. بۇ رامكا توقۇنۇش رايونى ۋە دائىرىسىنى (رايون خاراكتېرلىكمۇ ياكى خەلقئارالىقمۇ؟)، توقۇنۇشنىڭ خاراكتېرى (ھايات ـ ماماتلىق توقۇنۇشمۇ ياكى رىقابەتمۇ؟)، توقۇنۇش تېمىسى (ئىدىئولوگىيەمۇ؟ مۇستەملىكىمۇ؟ تەلتۆكۈس ھەل قىلىشمۇ ياكى قىسمەنمۇ؟) دېگەندەك ئامىللار ئارقىلىق سىزىپ چىقىمىز. توقۇنۇش ئېلىپ بېرىلىۋاتقان رامكا توقۇنۇش ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مۇھىتنى ئايدىڭلاشتۇرۇش (يەنى، توقۇنۇش رايون خاراكتېرلىكمۇ ياكى خەلقئارالىقمۇ)، توقۇنۇشنىڭ خاراكتېرىنى بېكىتىش (رىقابەت خاراكتېرلىكمۇ ياكى ھايات ـ ماماتلىق توقۇنۇشمۇ؟) ۋە توقۇنۇشنىڭ ماۋزۇسى (ئىدېئولوگىيەلىكمۇ ياكى ئەركىنلىك ئۈچۈنمۇ...) قاتارلىقلاردىن شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇ رامكا ئارقىلىق ھەل قىلغۇچ دائىرىنى بېكىتىپ چىقىمىز. توقۇنۇش ئېلىپ بېرىلىۋاتقان رامكىنى ئېنىق بېكىتكەندە توقۇنۇشنى ھەل قىلىدىغان ئاساسىي ساھە (ھۇجۇم قىلىدىغان ياكى قارشىلىق كۆرسىتىش ئېلىپ بارىدىغان دائىرە) نى ئايدىڭلاشتۇرغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن «ب» تەرەپ «ئە» تەرەپنىڭ ئۇنىڭغا تاڭماقچى بولغان تەسىرىگە قارشى تۇرالايدۇ.

تۆۋەندىكى ئاددىي ئۆرنەكتە توقۇنۇشنىڭ تۈگۈنى گەۋدىلەندۈرۈلگەن، توقۇنۇشنىڭ تۈگۈنىنى بەلگىلەش مودىل تۇرغۇزۇش ئىقتىداردىن دېرەك بېرىدۇ.

سىياسىيوندىن تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئەھمىيەت بېرىشى تەلەپ قىلىنىدۇ:

**بىرىنچى،** بېسىم چۈشۈرەلەيدىغان ئەمەلىي كۈچكە ئىگە تەرەپ توقۇنۇش رايون خاراكتېرلىك بولغاندا سىياسىي تۈزۈلمىنىڭ ئىچىدىمۇ ياكى يەنە بىر تەرەپكە تەۋەمۇ ياكى ئۈچىنچى تەرەپتىنمۇ؟ دېگەنلەرنى، توقۇنۇش خەلقئارالىق سەۋىيەدە بولسا، ئۇ دۆلەتمۇ ياكى خەلقئارا سىستېمىمۇ؟ دېگەنلەرنى بىلىشى كېرەك.

**ئىككىنچى،** نىشانغا ئېلىنغان تەرەپ ئۆكتىچىلەردىن بىر گۇرۇپپىمۇ ياكى پۈتۈن ئۆكتىچى گۇرۇپپىلارمۇ ؟ ياكى دۆلەتنىڭ ئۆزىمۇ؟

**ئۈچىنچى،** توقۇنۇشنىڭ ئومۇمىي رامكىسى رايون خاراكتېرلىكمۇ ياكى خەلقئارالىقمۇ؟ توقۇنۇش رىقابەت خاراكتېرلىكمۇ ياكى هايات ـ ماماتلىقمۇ؟

**تۆتىنچى،** ئاساسىي قانۇن دائىرىسىدىكى تەسىرلىرى قايسى؟

**بەشىنچى،** ئاساسىي قانۇندىن هالقىغان تەسىرلىرىچۇ؟

**ئالتىنچى،** زۆرۈر بولغان قارشىلىق ساهەسى قايسى؟

سىياسىيون بۇ مودىلنى سىزالىغان ۋە ئۇنىڭدىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرەلىگەندىلا توقۇنۇشنىڭ تۈگۈنىنى تېپىپ چىقالايدۇ ۋە ئۇنى ئېنىق بېكىتەلەيدۇ.

ئالايلۇق، دىكتاتۇرا بىر سىياسىي تۈزۈلمىدىكى سىياسىي پائالىيەتچى «ئە» ئۆزى دۇچ كېلىدىغان ئەڭ چوڭ مەسىلە سايلام رىقابىتىدە قانداق قىلىپ خەلقنىڭ ئاۋازى ئارقىلىق ئۇتۇپ چىقىش دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك ئۇسۇللار ئارقىلىق ئامال بار كۆپ سايلىغۇچىنىڭ ئاۋازىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ ئۇسۇللارنىڭ تەسىرى قانداق بولسۇن، ھاكىمىيەتكە ۋەكىللىك قىلغان «ئە» تەرەپ ئۆكتىچى كۈچكە ۋەكىللىك قىلىدىغان «ب» تەرەپنىڭ قانۇنىي سالاھىيىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن مۇراجىئەت قىلىدىغان ئاساسىي قانۇنغا قارشى ھەرىكەتتىن ئىبارەت. دىكتاتۇرا تۈزۈلمە ئادەتتە سايلام بېلىتىگە ساختىلىق قىلىش، رىقابەتچىلىرىنى نازارەتكە ئېلىش، پائالىيەت دائىرىسىنى چەكلەش ۋە سىرتقى كۈچلەرنى ئۆكتىچىلەرنىڭ خەتىرىدىن قورقۇتۇش دېگەندەك ئاساسىي قانۇننىڭ سىرتىدىكى پائالىيەتلەرگە تايىنىدۇ. شۇڭا ئۆكتىچىلەرمۇ قارشىلىق دائىرىسىنى ئاساسىي قانۇننىڭ سىرتىدىكى ئىشلارغا، توقۇنۇشتىكى ھەل قىلغۇچ ۋە توقۇنۇشنىڭ تۈگۈنى بولغان نۇقتىلارغا قەدەر كېڭەيتىشى كېرەك.

2000 ـ يىلىدىكى سىبىرىيە ۋەقەسى توقۇنۇشنىڭ تۈگۈنىنى بېكىتىش ۋە ھەل قىلغۇچ ساھەنى تېپىپ چىقىشتىكى ياخشى ئۆرنەك ھېسابلىنىدۇ. ئۆكتىچىلەر قارشىلىق دائىرىسىنى دىكتاتۇرا ھاكىمىيەتنىڭ ئاساسىي قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۈرۈشقىچە كېڭەيتكەن. چۈنكى ئۇلار ئاساسىي قانۇن دائىرىسىدىلا ھەرىكەت قىلىپ سايلامغا كىرسە، ھاكىمىيەتنىڭ سايلامدا ساختىلىق ئىشلىتىپ، ئىشنى كەينىگە سوزىدىغانلىقىنى ئالدىن پەرز قىلغان بولۇپ، سايلامدىن كېيىنكى باسقۇچقا قارىتامۇ مەلۇم پىلانلارنى تۈزگەن ۋە ئاساسىي قانۇندىن ھالقىغان ئۇسۇللارنىمۇ

قوللانغان. (ئۆكتىچىلەر پارلامېنت سايلىمىغا كىرمەكچى بولغاندا ھۆكۈمەتنىڭ سايلامغا ۋە بېلەت ساندۇقلىرىنىڭ نەتىجىسىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلىقىنى ھەمدە ساختا بېلەت ياساپ، سايلامنى قالايمىقان قىلىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ، سايلامدىن كېيىنكى ئىشلار ئۈچۈن پىلان تۈزگەن ۋە ئاساسىي قانۇندىن ھالقىغان ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇر بولغان). شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھۆكۈمەتكە بېسىمنى كۈچەيتكەن. ھۆكۈمەتكە قارشى پائالىيەتلەرنى ۋە تىنچ شەكىلدىكى نامايىشلارنى تەشكىللىگەن، نامايىشچىلار «خەلق سۆزلىسۇن، سايلام ساندۇقلىرى ئاغزىنى يۇمسۇن» دېگەن شوئارلارنى توۋلىغان (چۈنكى سايلامغا ساختىلىق ئىشلىتىلگەنلىكى ئۈچۈن سايلام ساندۇقلىرىنى ئېچىشنىڭ ئورنى يوق ئىدى).

تۈركىيە تەجرىبىسىگە قارايدىغان بولساق، تۈركىيە ھۆكۈمىتى سېكۇلارغا قارشى ئۆكتىچى كۈچ «ب» دۆلەتتىكى ھەربىي ئورگان «ئە» دەپ قاراپ، بۇ كۈچنىڭ ئاساسىي قانۇن، ئاساسىي قانۇندىن ھالقىغان ھەرىكەت ۋە توقۇنۇشنىڭ ئومۇمىي رامكىسى ئارىسىدا توقۇنۇش دائىرىسىگە قارىتا تەڭپۇڭ تەسىر كۈچى بارلىقىنى تونۇپ يەتكەن. مەسىلەن، پارلامېنت سايلىمى ئاساسىي قانۇن نۇقتىسىدىن قارىغاندا يوللۇق بىر ۋاستە دەپ ئېتىراپ قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ نەتىجىسىگە سەل قارىغىلى بولمايتتى، شۇنداقلا ئارمىيەنىڭ ئاساسىي قانۇن سىرتىدا ئېلىپ بارىدىغان ھەربىي ئۆزگىرىش ئارقىلىق قانۇنلۇق ھاكىمىيەتنى ئېلىپ تاشلاش تەسىرىگىمۇ سەل قارىغىلى بولمايتتى. يەنە بىر تەرەپتىن توقۇنۇشنىڭ ئومۇمىي رامكىسى، يەنى ياۋروپانىڭ شەرق دەرۋازىسى ۋە ئالاھىدە ئىتتىپاقدىشى بولغانلىقى سەۋەبتىن تۈركىيەنىڭ ئىچكى سىياسىتىنىڭ ياۋروپا

ۋە ئامېرىكا، ھەتتا ئىسرائىلىيە تاشقى سىياسىتىنىڭ تەسىرىدىن خالىي بولالماسلىقى سەۋەبىدىن توقۇنۇشنىڭ ھەم يەرلىك رايونلۇق، ھەم خەلقئارالىق خاسلىققا ئىگە بولغانلىقى تۈركىيەنى بۇ توقۇنۇشنىڭ ھەم ھايات ـ ماماتلىق يوقىتىش شەكلىدە، ھەم رىقابەت شەكلىدە ئىكەنلىكى قاتارلىق ئامىللارنى ئېتىبارغا ئېلىشقا مەجبۇر قىلاتتى مۇشۇ نۇقتىلارغا ئاساسەن ئۆكتىچىلەر توقۇنۇشنىڭ ئۈچ مۇھىم ساھەسىنى بېكىتىپ چىققان. بۇنداق بولغاندا تۈركىيەنىڭ مەۋجۇت ۋەزىيىتىدىكى كۈرەشنىڭ تۈگۈنى ئىنتايىن مۇرەككەپ. يەنى بۇ ئۈچ ساھە ھەم ئاساسىي قانۇن ساھەسى (سايلام ئارقىلىق خەلقنىڭ ئاۋازىغا ئېرىشىش)، ھەم ئاساسىي قانۇندىن ھالقىغان ساھە (ئارمىيە بىلەن قانداق يول تۇتۇش)، ھەم ئەتراپتىكى رايون سىياسەتلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش ساھەلىرى ئىدى.

*(تۈركىيەدىكى ئاساسىي قانۇنغا ئۇيغۇن پائالىيەت قانۇنلۇق سايلامدا ئىپادىلىنىدۇ، سايلام نەتىجىسىگە مۇنداقلا سەل قاراشقا بولمايدۇ. سايلام ئۆزىنى سىياسىي رېئاللىققا تاڭالايدۇ. ئاساسىي قانۇننىڭ سىرتىدىكى پائالىيەت ھەربىيلەر ۋە ئەلمانىي كۈچلەرنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا زورلۇق كۈچى بىلەن ئارىلىشىشىدا غەربلىكلەرنى سايلام نەتىجىسىدە قورقۇتۇشتا ئىپادىلىنىدۇ. توقۇنۇشنىڭ ئومۇمىي رامكىسى «ئا» توقۇنۇشنىڭ رايون ۋەزىيىتىگە ھەم خەلقئارا ۋەزىيەتكە چېتىلىدىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. چۈنكى تۈركىيە ياۋروپانىڭ شەرقىي ئىشىكى ۋە ياۋروپانىڭ ئالاھىدە شېرىكى بولۇپ، تۈركىيەنىڭ ئىچكى سىياسىتى ياۋروپانىڭ سىياسىي يۆنىلىشىگە ئاندىن ئامېرىكا ۋە ئىسرائىلىيەنىڭ سىياسىتىگە مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتەتتى. توقۇنۇش رىقابەت خاراكتېرى ۋە ھايات ـ ماماتلىق خاراكتېرىگە*

*ئىگە ئىدى. چۈنكى ئاساسىي قانۇننىڭ ئەلمانىيلىقىنى ئېتىراپ قىلىش توقۇنۇشنىڭ رىقابەت خاراكتېرىنى ئېلىشىغا مەلۇم دەرىجىدە يول قوياتتى. شۇڭا ئۆكتىچىلەر ئۈچ دائىرىنى (ئاساسىي قانۇنغا تەسىر كۆرسىتىش، قانۇن سىرتىدىكى پائالىيەت ۋە توقۇنۇش رامكىسى) ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان توقۇنۇشنىڭ ھەل قىلغۇچ ساھەسىنى ئېنىق بېكىتتى. تۈركىيەدىكى توقۇنۇشنىڭ تۈگۈنى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇ ئۈچ ئامىلدىن بىرىكتۈرۈلگەن قانۇن بولۇش (ئۆكتىچىلەر خەلقنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىشى كېرەك)، قانۇننىڭ سىرتىدىكى ھەرىكەت (ئۆكتىچىلەرنىڭ ھەربىي ئورگانلار بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىشىدا ئىپادىلىنىدۇ)، رايون خاراكتېرى (تۈركىيەدىكى توقۇنۇش ئەتراپىتىكى پۈتۈن رايوننىڭ ۋەزىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ).*

بۇ باسقۇچتىن كېيىن سىياسىيون نەزەرىدىن ساقىت قىلىشقا بولمايدىغان بارلىق ساھەلەرنى بىرلەشتۈرۈپ ئىستراتېگىيەلىك پىلان تۈزۈشكە ئۆتىدۇ، شۇڭلاشقا بىر سىياسىي ئورگاننىڭ ساپاسىنى بەلگىلەشتە ئۇنىڭ ئاساسىي نىشانغا يانداش بولغان ئىككىلەمچى نىشان ۋە مەسىلىلەرگە قارىتا ھەرىكەت نەزەرىيەسى بولۇشىدۇر . ئۇنىڭدىن سىرت بۇ نەزەرىيەنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان كۈچ ئامىللىرىنى تەييارلاش كېرەك. نەزەرىيە بولسىلا خەلقئارا جەمئىيەت نەزەرىيەنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە يول قويىدۇ ۋە كېرەكلىك ئارقا سەپ تەمىناتى بىلەن تەمىنلەيدۇ، دەپ ساددا ئويلىۋالماسلىق كېرەك. مەسىلەن، بۇنداق ئەھۋالدا قىلىشقا تېگىشلىك ئىش مەزكۇر نەزەرىيە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ مەنپەئەتىگە ماس كەلمەيدىغان قارشىلىق كۆرسىتىش شەكلىدە بولسا، ئۇنى قويۇپ، رېئاللىقنى ئاساس قىلغان، ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتى بار بولغان ھەرىكەت نەزەرىيەسى تۈزۈلۈشى كېرەك.

*شۇڭا خىزمەت نەزەرىيەسىنى «خەلقئارا سىستېما ئۆكتىچىلەرنىڭ ھەرىكەت قىلىشىغا يول قويىدۇ ۋە ئۇنى ئىھتىياجلىق بولغان لوجىستىك ياردەم بىلەن تەمىنلەيدۇ» دېگەن پەرەز ئاساسىغا قۇرۇشقا بولمايدۇ. ئەگەر قارشىلىق پروگراممىسى خەلقئارا سىستېما بىلەن ماسلاشمىسا، رېئاللىققا تەتبىقلاشقا ياردەم بەرگۈچى ئامىللارغا ئىگە ئەمەلىي ھەرىكەت نەزەرىيەسى تۈزۈش لازىم.*

## تاكتىكىلىق ئۇتۇق بىلەن ئىستراتېگىيەلىك مەغلۇبىيەتنىڭ ئورنىنى تولۇقلىغىلى بولمايدۇ

سىياسىيونىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك تەسەۋۋۇرى ئۆزى تەشەببۇس قىلىۋاتقان نىشانغا ئېلىپ بارالمىسا، ئۇ ھالدا تاكتىكىلىق ئۇتۇق قىممىتى يوق ۋاستە ۋە پائالىيەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇتۇققا ئېلىپ بارىدىغان ئىستراتېگىيەنى يوكسەلدۈرۈش كۆزلەنگەن نىشانغا ئېلىپ بارالمايدىغان ھەرىكەت بىلەن خۇشال بولۇش ۋە تەنتەنە قىلىشتىن مۇھىم.

**مىسال:** بىر سىياسىي پارتىيە خەلق ئىنقىلابى ئارقىلىق سىياسىي ئۆزگىرىش قىلماقچى بولغاندا ئوقۇغۇچىلارنى قوزغاپ، زاۋۇتلاردىكى ئىشچىلارغا ۋە سان جەھەتتىن خېلىلا ئۇستۈن تۇرىدىغان دېھقانلارغا سەل قاراش تاكتىكىلىق نەتىجە بولسىمۇ، ئىستراتېگىيەلىك ئۇتۇق ئەمەس. چۈنكى خەلق ئىنقىلابىغا ئىشچىلار بىلەن دېھقانلارنىڭمۇ قېتىلىشى ۋە ئىش تاشلىشى ئىنتايىن مۇھىم. بۇ نۇقتىنى خىتاي رەھبىرى ماۋ چۇڭقۇر ھېس قىلغان، شۇڭا ئىشچىلار ھەرىكىتىنى ئاساس قىلغان روس كوممۇنىستىك ئىنقىلابىنىڭ ئىستراتېگىيەسىگە خىلاپ ھالدا ئىنقىلاب قىلىشتا دېھقانلار ھەرىكىتىنى ئاساس قىلغان.

# ئالتىنچى قائىدە:

## سىياسىي نۇتۇقنىڭ دەرىجىلىرى

**6. قائىدە:**

**سىياسىي نۇتۇقنىڭ دەرىجىلىرى نۇتۇق ئوبيېكتلىرىنىڭ سەۋىيەسىگە قارىتا پەرقلىق بولىدۇ.**

سىياسىيوننىڭ بايانات ۋە نۇتۇقلىرى ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، بۇ بايانات ۋە نۇتۇقلار سۆزلىگۈچى سىياسىيون ۋەكىللىك قىلىدىغان ئورگاننى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ تەپەككۇر ئەندىزىسى ۋە سىياسىي يۆنىلىشىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئەڭ مۇھىم تەرەپلەرنىڭ بىرى دەپ قارىلىدۇ.

سىياسىي نۇتۇقنى مۇنداق تۆت دەرىجىگە ئايرىشقا بولىدۇ:

1) **يېپىق نۇتۇق:** پارتىيە رەئىسىنىڭ پارتىيە ئەزالىرىغا سۆزلىگەن نۇتۇقى.

2) **يەرلىك نۇتۇق:** مەيلى ھۆكۈمەت ئورگىنى بولسۇن، ياكى خەلق تەشكىلاتلىرى ياكى سىياسىي پارتىيەلەر ۋە ياكى باشقا ئورگانلار بولسۇن، سىياسىيوننىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان دۆلەتتىكى تۈرلۈك ئورگانلارغا سۆزلىگەن نۇتۇقى.

3) **رايون خاراكتېرلىك نۇتۇق:** سىياسىيوننىڭ ئۆزى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقان دۆلەت مىقياسىدىكى نۇتۇقى.

4) **خەلقئارالىق نۇتۇق:** كۈچلۈك خەلقئارالىق نوپۇز ۋە تەسىرگە ئىگە بىرەر سىياسىيوننىڭ خەلقئارا مەسىلىلەر ھەققىدە سۆزلىگەن نۇتۇقى.

سىياسىيون بايانات ئېلان قىلغاندا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان نۇقتىلارغا دىققەت قىلىدۇ. بەزىدە ئۇ جەمئىيەتنىڭ مەلۇم بىر

بۆلۈكىگە نىسبەتەن ياخشى بىر نۇتۇق سۆزلىشى، ئەمما پۇتۇن رايون سىياسىتىگە ماس كەلمەيدىغان گەپ قىلىپ قويۇشى مۇمكىن. بەزىدە رايون سەۋىيەسىدە نۇتۇق سۆزلىگەندە يەرلىك رايون تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىسمۇ، خەلقئارالىق ۋەزىيەتكە ماس كەلمەي قېلىشى مۇمكىن. بۇ ئەھۋال بىزنى ياردەمچى ئامىللار ھەققىدە قايتا ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. دېمەك، نۇتۇقنىڭ سەۋىيەسى ياردەمچى ئامىللارغا ماس شەكىلدە بولۇشى لازىم. چۈنكى سىياسەت قۇرۇق شوئاردىن يىراق ئېلىپ بېرىلىدۇ.

سىياسىي نۇتۇقنىڭ ئەمەلىي رېئاللىققا ماسلاشقان ئۆرنەكلىرىدىن بىرى: 2006 ـ يىلى ھىزبۇللاھنىڭ مەسئۇلى ھەسەن نەسرۇللاھ ئىسرائىلىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان مەزگىلدە ئېلان قىلغان باياناتىدا: «ئىسرائىلىيەنى خەرىتىدىن ئۆچۈرۈۋېتىمىز، ئۇنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇيمىز» دېمىگەن، بەلكى: «ناۋادا بىز ھۇجۇمغا ئۇچرىساق، تەۋەلىكىمىزنى مۇداپىئە قىلىپ، ئىسرائىلىيەگە زەربە بېرىشكە كۈچىمىز يېتىدۇ. ئۇرۇش ھەر قانچە ئۇزۇنغا سوزۇلسىمۇ، بىز ئۇنىڭغا تەييار» دېگەن.


بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەسەن نەسرۇللاھنىڭ نۇتۇقى تۇراقلىق ۋەزنىگە ئىگە بولۇپ، مۇئەييەن نۇقتىغا مەركەزلەشكەن. ئۇ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان شەكىلدە خىتاب قىلمىغان (يەنى پو ئاتمىغان). شۇنداقلا قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى قوزغىيالمايدىغان يۇمشاق شەكىلدىمۇ خىتاب قىلمىغان. بۇنىڭ ئەكسىچە بىر قىسىم پائالىيەتلەر پەقەت تەشكىلات ئىچىدىكىلەرگىلا قارىتىلغان تۇتۇرۇقسىز، قاتمال نۇتۇقلار بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان ئىشلارمۇ بار بولۇپ، بۇنداق نۇتۇقلار ئۆز جەمئىيەتلىرىدىن ھالقىپ، پۈتۈن ئىقلىمغا ياكى دۇنياغا يۈزلىنەلمەيدۇ.

# يەتتىنچى قائىدە:

## ئىسلاھات قاتلاملىرى

## 7. قائىدە:

**ئەمەلىي ئۆزگەرتىش (ئىسلاھات) ئۈچ قاتلاملىق بولىدۇ: باشلىنىش قاتلىمى، ئۆزگەرتىش قاتلىمى ۋە قۇرۇلۇش قاتلىمى.**




12. شەكىل



دېمەك، ئىسلاھات جەريانى تۆۋەندىكى بىر قانچە قاتلاملىق بولىدۇ:

1) **باشلىنىش قاتلىمى:** بۇ قاتلام دەسلەپكى ئىدىيە مەيدانغا كەلگەن قاتلام بولۇپ، بۇ قاتلام ئۆز ئالدىغا كۆزلىگەن ئىسلاھاتنى ئېلىپ بارالمايدۇ. بەلكى توقۇنۇش ياكى كۆرەشنى

ھەل قىلىدىغان ئاساسىي ۋاستىلەرنى تېپىپ چىقىدۇ.

2) **ئۆزگەرتىش قاتلىمى:** بۇ قاتلام ئۆزگەرتىش پەيدا قىلالايدىغان ئەڭ ھالقىلىق ئامىلنى ياكى ئاساسىي ۋاستىنى تەشكىل قىلىدىغان بولۇپ، بۇ ۋاستە ئاۋام خەلق پائالىيىتىدە كەڭ خەلق ئاممىسى بولىدۇ، ئىنقىلاب يۈز بەرگەن ئەھۋاللاردا ئارمىيە ياكى ھوقۇق مەركىزىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان قانداقتۇر بىر گۇرۇھ بولىدۇ.

3) **قۇرۇلۇش قاتلىمى:** يۇقىرىقى ئۆزگىرىشلەردىن كېيىن دۆلەت ياكى سىياسىي ئورگان قۇرۇپ چىقىدىغان قاتلام بولۇپ، جەمئىيەتتىكى ئوخشىمىغان ئىدېئولوگىيە، تەسەۋۋۇر ۋە ئېقىملاردىن شەكىللىنىدۇ. سىياسىيون بۇ باسقۇچلارنى ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىكى كېرەك، باشلىنىش ۋە ئۆزگەرتىش باسقۇچىنى قۇرۇلۇش باسقۇچى دەپ ئويلىۋالماسلىقى لازىم. چۈنكى بۇنداق خاتالىقنىڭ بەدىلى ئېغىر بولىدۇ.

## خاتىمە

بىز ھەرقانداق دەۋر ۋە جايدا ئىجابىي بولسۇن ياكى سەلبىي بولسۇن، چوقۇم مەلۇم بىر سىياسىي قارارنىڭ تەسىرى ئاستىدا ياشىغان ئىكەنمىز، سىياسىي ھەرىكەت ھەققىدە سۆزلەش ھەرگىزمۇ ئارتۇقچە ئىش ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ سىياسىي ساھەگە قول تىقىشى بۈگۈنكى كۈندىكى زامانىۋى دۆلەتلەردىمۇ چوڭ ئاساسلاردىن بىرى بولۇپ قالدى. بۇ نۇقتىدىن سىياسىي ھەرىكەت ھېچكىم قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان ئىجتىمائىي مەجبۇرىيەتكە ئايلاندى. شۇنىڭ ئۈچۈن «شەخسنىڭ سىياسىي ھەرىكەتتىكى قىزغىنلىقى قايسى دەرىجىدە بولۇش كېرەك؟» دەپ سورىغانىنىڭ ئورنىغا، ئادەتتىكى كىشىلەر: سىياسەتنى قانداق چۈشىنىمەن؟ قايسى ئاڭ بىلەن سىياسىي ھەرىكەت ئېلىپ بارىمەن؟ دەپ سورايدىغان، جامائەت ئەربابلىرى ۋە سەرخىللار بولسا: سىياسىي ھەرىكەتتە يۈز بەرگەن قالايمىقانچىلىق ۋە تەڭپۇڭسىزلىقنى قانداق ھەل قىلىش كېرەك؟ دەپ سورايدىغان ھالەت شەكىللەندى.

ئاڭلىق يوسۇندىكى ئاممىۋى سىياسىي ھەرىكەت جەمئىيەتنى ھۆكۈمەتنىڭ ھەددىدىن ئېشىشىدىن ساقلايدىغان بىخەتەرلىك كلاپانى، گۈللىنىش ۋە تەرەققىياتنىڭ يول خېتىدۇر.

سىياسەت ئىلمى ئۆگەنگۈچىلەر سىياسىي پىرىنسىپلار ھەققىدە يېزىلغان كىتابلاردىن كۆزلىگەن بىلىمنى ئاللىمغانلىقى ئۈچۈن،

بىز بۇ كىتابنى يېزىشتا سىياسىيون بىلىشى زۆرۈر بولغان مۇھىم تېمىلار ۋە پىرىنسىپلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلمىي بىر ئەسەرنى سىياسىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنۇشنى مەقسەت قىلدۇق. بۇ كىتاب يىگىرمىدىن ئارتۇق سىياسىي ھەرىكەتنىڭ مۇھىم قائىدىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

بۇ قائىدىلەر سىياسىي ھەرىكەتتە كۆرسەتمە ۋە كومپاسلىق رولىنى ئوينىسا، سىياسەتكە قىزىقىدىغانلار ياكى سىياسىيونلار ئۈچۈن پىلانلاش، ھەرىكەت قىلىش، كۆزىتىش ۋە نەتىجە يەكۈنلەش قاتارلىق جەھەتلەردە سۈپەتنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ.


بىز مەزكۇر قائىدىلەرنى ئۈچ بۆلەككە بۆلۈپ ئوتتۇرىغا قويدۇق: سىياسىي ھادىسە، سىياسىيون ۋە سىياسىي ئويۇن. بۇ قائىدىلەرنى مەزمۇن ۋە ئۈنۈمگە تەسىر يەتكۈزمىگەن ئاساستا ئاددىي ھەم ئىخچام شەكىلدە تونۇشتۇردۇق. مەقسەت بۇ قائىدىلەرگە سىياسەتكە قىزىققۇچىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىش. بۇ كىتابتا تىلغا ئېلىنغان ھەر بىر قائىدە ۋە پىرىنسىپ ھەققىدە تەپسىلىي توختالغان كىتابلار ۋە ئىلمىي تەتقىقاتلار بار. شۇڭا بۇ قائىدە - پىرىنسىپلارنى تېخىمۇ چۇڭقۇر ھەم ئەتراپلىق چۈشىنىشنى خالايدىغانلار مەزكۇر ئەسەرلەرگە مۇراجىئەت قىلسا بولىدۇ.

بۇ كىتابتىكى قائىدىلەر پەقەت كۆرسەتمە شەكلىدىلا تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، ئىنسانىيەت پەنلىرىدىكىدەك ئىنچىكىلىك قوغلىشىدىغان، پاكىتنى مۇئەييەن نەتىجىلەرگە باغلاش ئۇسۇلىنى قوللانمىدۇق. مۇنداقچە ئېيتقاندا بۇ قائىدىلەر سىياسىي نىزام،


سىياسىي ئويۇننىڭ سۈپەتلىرى ۋە سىياسىيون ئۆزىدە ھازىرلاشقا تېگىشلىك مۇھىم سۈپەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئۆلچەم شەكلىدە ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

بۇ كىتابنىڭ مېۋە بېرىشى ئۈچۈن باشقا ساھە ۋە پەنلەردىمۇ ئوخشاش ئەسەرلەر يېزىلىشى كېرەك. بىز بۇ خىزمەتنى «رەھبەرلىك قوللانمىسى» ناملىق بىر يۈرۈش ئەسەردە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنماقچى بولۇۋاتىمىز. بۇ ئەسەرنىڭ ئۈممىتىمىزنىڭ ئويغىنىش باسقۇچىدىن گۈللىنىش باسقۇچىغا ھوشيارلىق بىلەن ئۆتۈپ، يېڭى ھەم پارلاق كەلگۈسىگە قەدەم بېسىشىغا تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.


# شەكىل ۋە ئۆرنەكلەر





1.شەكىل: سىياسىي ھادىسىنىڭ پەيدا بولۇش ئامىللىرى





2. شەكىل: سىياسىي ھادىسە كۆپ خىللىق، ئوخشىماسلىق ۋە كەمچىل بولۇشتىن ئىبارەت ئۈچ ئامىلدىن پەيدا بولىدۇ.





3. شەكىل: مۇداپىئە تۈرى





4. شەكىل





5. شەكىل: سىياسىي ھەرىكەتنىڭ ۋاستىلىرى




6. شەكىل: دۆلەتنىڭ شەكلى ۋە ۋەزىپىلىرى





7. شەكىل: دۆلەتنى شەكىللەندۈرگۈچى ئامىللار ۋە دۆلەتنىڭ ۋەزىپىسى.




8. شەكىل: ئىگىلىك ھوقۇقنىڭ قانۇنىي ۋە سىياسىي ئۇقۇمى.




9.شەكىل





10. شەكىل ـ ئىستون مودىلى


| | | |
|---|---|---|
| بويسۇنۇش | بىۋاستە | تەلتۆكۈس يوقىتىش |
| يول قويۇش | | ئاسسىمىلياتسىيە |
| ساقلىنىش | | ئىتتىپاقلىشىش |
| قارشىلىشىش | ۋاستىلىك | سۈلھىلىشىش |
| ھەل قىلىش | | مەشغۇل قىلىش |
| | | ساقلىنىش |
| | | باشقىلارنى ئىشقا سېلىش |


11. شەكىل






12. شەكىل: كۈچنىڭ قانۇنلۇق ۋە قانۇنسىز تەسىر كۆرسىتىش يۆنىلىشى


ئىمكانىيەتتىن
پايدىلىنىش
سەنئىتى
دۆلەت
ئىدارەت قىلىش
ماھارىتى
سىياسەت-
كۆچ
كۆچ
تەقسىملەش
ماھارىتى
ئېتىبار
بېرىش
ماھارىتى


ئە
ب
ئا